# ئىزدىنىش

(تاللانما)

5

1996

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1996-يىل 5-سان
(ئومۇمىي 95-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1996-يىللىق 5-، 6-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى


## مۇندەرىجە


رەھبەرلىك خىزمىتى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى ...................... دىڭ گۇەنگېن(2)

"سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشى" توغرىسىدا ...................... يۈي چۈەنيۈي(13)

قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق چوڭ بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەھلىل ...................... شۈي چىڭمىن، جاڭ چېڭشياڭ(20)

چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم ...... چى يۈي(30)

ساختا سىياسىي نەتىجىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك ...................... مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى تەتقىقات ئىشخانىسى(39)

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر بىرقانچە قىزىقتۇرارلىق مەسىلىلەر ...................... سۇ گاڭ(42)


★5-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا ئېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# رەھبەرلىك خىزمىتى سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەيلى*

دىڭ گۇەنگېن

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىننى يادرو قىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپى دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۇتۇپ قىبلىنامە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمەتلىرىنىڭ ئومۇمىيىتىنى چۆرىدەپ، مەملىكەتلىك تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئادەمنى ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللاندۇرۇش، يۈكسەك روھ بىلەن يېتىشتۈرۈش، نادىر ئەسەرلەر بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش ئاساسىدا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت ۋە ئېسىل جامائەت پىكرى شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىش كېرەككى، ئىشلەۋاتقان خىزمىتىمىز پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تەلىپىدىن خېلىمۇ كۆپ يىراق تۇرۇۋاتىدۇ، ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدە خېلىمۇ نۇرغۇن مەسىلە ساقلانماقتا، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە بۇلارنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش كېرەك.

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنى خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدىن 15 يىلغىچە بولغان ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ۋەزىپىسىنى بەلگىلىدى. بۇلار تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىگە ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېڭى پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى ھەم يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. يېقىندا، مەركەز يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدىكى

* بۇ — يولداش دىڭ گۇەنگېننىڭ 1996-يىل 1-ئاينىڭ 26-كۈنى مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن خۇلاسە سۆزىنىڭ بىر قىسمى.

تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ئۈستىدە مۇھىم يولىيورۇق چىقىرىپ، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى، جىددىيلىكى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكى، مۇرەككەپلىكى ۋە مۇشەققەتلىكلىكىنى تولۇق تونۇش ئۈچۈن بىر تۈپ قىبلىنامىنى چىڭ تۇتۇپ، تۆت ئاساسىي ۋەزىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەكىتلىدى؛ ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككى قول قاتتىق بولۇش ئىدىيىسىنى مۇكەممەل تىكلەپ، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇپ، سېلىنمىنى ھەقىقىي تۈردە كېڭەيتىپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ماسلاشتۇرۇپ راۋاجلاندۇرۇشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى؛ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خۇسۇسەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى، سىياسەتنى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەپ، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىپ، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، شەخسىي غەرەزسىز تۆھپە كۆرسىتىپ، خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن ئىشلىشى لازىملىقىنى تەكىتلىدى. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى كەڭ كادىرلار مەركەزنىڭ مۇھىم يولىيورۇقىنى جەزمەن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، قولغا كەلگەن ئۇتۇقنى قەدىرلەپ، ساقلانغان مەسىلىلەرگە جىددىي قاراپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق تونۇپ، ھەسسىلەپ تىرىشىپ ئىشلەپ، مەركەزنى، خەلقنى مەمنۇن قىلىشى لازىم.

تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق فاكچىنى بەلگىلىنىپ بولدى. رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ھەر خىل ۋەزىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەھكەم تۇتۇش خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھالقىسى.

## 1. سىياسەتنى تەكىتلەش، مەركەز بىلەن بىردەك بولۇشنى ئاڭلىق ساقلاش

رەھبەرلىك سەۋىيىسى دېگەندە، ھەممىدىن ئاۋۋال سىياسىي سەۋىيە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇشتا سىياسىي كاپالەت بولۇشى كېرەك، دەپ كۆپ قېتىم تەكىتلىگەنىدى. "ئىسلاھات، زامانىۋى پەن-تېخنىكىغا سىياسەتنى تەكىتلەش قوشۇلسا، ئۇنىڭ قۇدرىتى تېخىمۇ زور بولىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا بولسۇن سىياسەتنى تەكىتلەش كېرەك". يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ سىياسەتنى—سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي نۇقتىئىنەزەر، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي ئۆتكۈرلۈكنى تەكىتلىشى لازىملىقىنى قايتا-قايتا سەمىگە سېلىپ كەلمەكتە. سىياسەتنى تەكىتلەشتىن مەقسەت پۈتۈن پارتىيىنى پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ئوبدان،

www.uyghurkitap.com

ئېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزچىل ئىجرا قىلىش، كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېخىمۇ ياخشى يۈكسەلدۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ئومۇمىي ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، سىياسىيلىقى، سىياسەتچىللىقى كۈچلۈك خىزمەت بولغاچقا، ئۇنىڭدا سىياسەتنى تەكىتلەش خۇسۇسەن مۇھىم. سىياسىي يۆنىلىش تەشۋىقات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ، تەشۋىقات يۆنىلىشى سىياسىي يۆنىلىشنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ سەپتىكى رەھبىرىي يولداشلىرىمىز سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، سەگەك، ئۆتكۈر، پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم.

قەتئىي بولۇش دېگەنلىك، چوڭ ۋەزىيەتكە، سىياسىي يۆنىلىشكە، تۈپ پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە توغرا مەيداندا چىڭ تۇرۇش، بايراق رۇشەن بولۇش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. ھەرقانداق ئەھۋالدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بارلىق خىزمەتنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم؛ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتلەردە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي بىلەن بىردەك بولۇش، مەركەزنىڭ نوپۇزلۇقىنى قەتئىي قوغداش، مەركەزنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ راۋان يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەت بېرىش لازىم؛ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، قەتئىي نىيەتتىن يانماي خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن ئىشلەش لازىم.

سەگەك بولۇش دېگەنلىك، كاللىدا سىياسەت دېگەن دىت بولۇشى كېرەك، دېگەنلىكتۇر. چىگىش-مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى سەگەكلىك بىلەن توغرا بىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا ياخشى يېتەكلەش، سىياسىي خاراكتېردىكى خىزمەتلەرنى مەمۇرىي خىزمەت ئورنىدا ئىشلەپ قويماسلىق لازىم. خەلقئارا دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ سۇيىقەستىگە تېگىشلىك دەرىجىدە ھۇشيار بولۇش ۋە توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش، چىرىك ئىدىيە-مەدەنىيەتنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇش؛ چەت ئەل جامائەتچىلىك پىكرىنى تەھلىل قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكرى بولۇش كېرەك.

ئۆتكۈر بولۇش دېگەنلىك، ئىنكاس تېز بولۇش، قاراش چوڭقۇر بولۇش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتە، ئومۇمىي ۋەزىيەت جەھەتتە كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىش لازىم. ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىشنى، يۈزلىنىشنى ئالدىن مۆلچەرلەشنى، كىچىككىنە بەلگىسىنى كۆرۈپلا ماھىيىتىگە يېتىشنى، ھەر ئىشنى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بويىچە ئالغا يېتەكلەشنى بىلىپ، خىزمەتنى ئالدىن ئىشلەش كېرەك. دەسلەپكىنى تۇتۇشنى، خاھىشنى تۇتۇشنى بىلىپ، ئىجابىي ئامىللارنى قىزغىن قوللاش، پاسسىپ ئامىللارنى ۋاقتىدا تۈگىتىش لازىم.

پەرق ئېتىش دېگەنلىك، توغرا بىلەن خاتانى، چىن، ياخشى، گۈزەل بىلەن ساختا، ئەسكى، سەتنى، نېمىنى تەشەببۇس قىلىش، نېمىگە يول قويۇش، نېمىنى چەكلەش، نېمىگە قارشى تۇرۇشنى ئېنىق ئايرىش كېرەك، دېگەنلىكتۇر. چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنى ئايرىماي قويماستىن، تۈپ چېگرىنى پەرق ئېتىش؛ ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى كۆرۈۋېلىشنى بىلىش كېرەك.

قەتئىي بولۇش، سەگەك بولۇش، ئۆتكۈر بولۇش، پەرق ئېتىش بىر-بىرى بىلەن باغلىنىدۇ، ئورگانىك يوسۇندا بىرلىككە كېلىدۇ. قەتئىي بولۇش ئىخلاسنى، مەيداننى كۆرسىتىدۇ، ئۇ سىياسەتنى تەكىتلەشنىڭ يادروسى؛ سەگەك بولۇش، ئۆتكۈر بولۇش، پەرق ئېتىش مەسىلىنى سىياسىي جەھەتتە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى ۋە ساپاسىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ قەتئىي بولۇشنىڭ مۇقەررەر تەلپى.

## 2. چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش، چوڭ ئىشلارنى تۇتۇش، كۆڭۈلدە دىت بولۇش

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەن: ”ئىش باشقۇرۇشتا ئۆز ئىشىنى باشقۇرۇش، ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلغاندا چوڭ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىش لازىم“؛ ”ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىدە ئويلانغاندا، يىراقنى كۆزلەش، چوڭ ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتۇش لازىم.“ چوڭ ۋەزىيەت ئېگىلىنىڭ بولۇش-بولماسلىقى، چوڭ ۋەزىيەتكە ئوبدان خىزمەت قىلىش-قىلماسلىق رەھبەرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك ياكى كۈچلۈك ئەمەسلىكىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم مىزانى، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى يۈنىلىشىنىڭ دۇرۇس بولغان-بولمىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىشتىكى مۇھىم ئۆلچەم. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈرۈشتۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پايدىلىق شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەندە چوقۇم ھەممە ۋاقىت خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ۋە پۈتۈن پارتىيە پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتى ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، جانلىقلىق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالايدۇ.

چوڭ ئىشلارنى تۇتقاندا، ئاساسىي كۈچنى ستراتېگىيە، فاڭجېن، يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا، ئەنە شۇنداق چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، ئاما كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلىلەرگە قويۇش كېرەك. خىزمەتتە، تۆت ئاساسىي ۋەزىپىنى مەھكەم تۇتۇش، قۇرۇشنى ئاساس قىلىش، تىكلەشنى نېگىز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئاساسىي ئېقىمنى زور كۈچ بىلەن تەرغىپ قىلىش، شۇنداق قىلىپ، ھەر يىلى ئاما قارشى ئالىدىغان، تەسىرى كەڭ بولغان ئىشتىن بىرقانچىنى ئىشلەش لازىم. ھەزەر ئەيلىگىنكى، كۈندە ھېسابلاشساڭ ئاشار، يىلدا ھېسابلاشساڭ بىكار بولار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بولغان ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە ئوبدان تۇتۇلىدىغان چوڭ ئىش. ماكرولۇق باشقۇرۇش قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئىلمىي باشقۇرۇشتۇر، ئاساسەن، يۆزلىنىشنى، ئومۇمىي مىقدارنى تۇتۇش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى تىكلەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتۇر، شۇنىڭ بىلەن ئەمەل قىلىدىغان نىزام، تايىنىدىغان قانۇنغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، سۈپەت بىلەن ساننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق بولۇپ، بۇ تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى قاندۇرىدۇ.

## 3. چەكنى ئىرىشىپ ئوبدان ئىگەللەش

مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋە ھەل قىلىش داۋامىدا چەكنى ئىگەللەشنى بىلىش تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئالامىتى. چەكنى ئىگەللەشتە ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىپ، نېمە مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش لازىم. ئىككى نۇقتىچىلىقتا چىڭ تۇرۇپ، بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقچىلىقتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەھۋالنى كۆزىتىپ ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، سىياسەتنى ئىگەللەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن ساننىڭ پەرقىنى ئىلمىي يوسۇندا ئىگەللەپ، كەڭ بىلەن قاتتىق، بوش بىلەن چىڭ، قەيسەر بىلەن يۇمشاق، ئىچكى بىلەن تاشقى قاتارلىق تەرەپلەرنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پەرقلىق مۇئامىلە قىلىشنى بىلىش لازىم. بەزى مۇرەككەپ ھادىسە ۋە مەسىلىلەرگە تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش، ئۇلارنى ھەرگىزمۇ ئاددىيلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

چەكنى ئىگەللەش مەسىلىسى تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە، گويا، ھەممە ۋاقىت، ھەممە ئىشتا ئۆچۈپ تۇرىدۇ. پارتىيىنىڭ نەزەرىيە لۇشيەنى، فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئەتراپلىق، توغرا تەشۋىق قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى خەلق ئاممىسىنىڭ تېخىمۇ ئوبدان چۈشىنىشى ۋە قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن، ئاممىنىڭ ئىدىيە ئەمەلىيىتى ۋە جانجان مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، لايىق ئۇسۇل قوللىنىش لازىم. بىر مەزگىللىك تەشۋىقاتتا، ھەم مۇھىم نۇقتا تەرەپ بولۇشى، ھەم ئاساسىي قاراشنىڭ ئىزچىللىقى ۋە مۇقىملىقى ساقلىنىشى لازىم. چەكنى ئىگەللەش بىر خىل سەنئەت، ئۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىچكى ئىقتىدارىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى پۈتۈنلۈك جەھەتتىن سىنايدۇ، شۇڭا، مەركەزنىڭ روھىنى

چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئاممىنىڭ ئارزۇسىنى چۈشىنىشىمىز، ئەمەلىيەت داۋامىدا ناھايىتى ئوبدان ئۆزلەش-تۈرۈپ تەجرىبە توپلىشىمىز لازىم.

## 4. ئىلمىي تەدبىر كۆرۈشنى ئۆگىنىۋېلىش

تەدبىر كۆرۈش رەھبەرلەرنىڭ ئاساسىي مەسئۇلىيىتىنىڭ بىرى. كۆرۈلگەن تەدبىرنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى خىزمەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-قازىنالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مۇھىم تەدبىرلەردە كەتكۈزۈپ قويۇلسا، كۆپ ھاللاردا، مەڭگۈ پۇشايمان بولىدۇ. ئۇچۇر ئىگىلەش توغرا تەدبىر كۆرۈشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى بولۇپ، ئەھۋال ئېنىق بولماي تۇرۇپ قاتتىق ئىرادە باغلاپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا، مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش\ۋە ئۇنى باشقۇرۇشتا، ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە شۇكى، تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆڭۈلدە دىت ھازىرلاش كېرەك. مۇبادا ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى، تۈزۈلۈشى، ئورۇنلىششى توغرىسىدا قاراش مۇجمەل بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، خىزمەت سۈرئىتى، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى، بازارنىڭ كۆزلىنىشى ئېنىق بولمىسا، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالىدۇ. ئىقتىساد ئورۇنلىرىنىڭ ماددىي مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىللىگەندەك، مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش ۋە ئىگىللەش لازىم. بەزىلىرىنى سانلاشتۇرۇش، مۆلچەرلەش قىيىن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىرمۇنچىلىرىنى سانلاشتۇرغىلى، مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ، كىتاب، گېزىت، ژۇرنال، كىنو-تېلې-ۋىزىيە، ئۇن-سىنئالغۇ ئەسۋابلىرىغا ئوخشاش جەھەتلەردە بۇ تەلەپنى ئورۇنداش قىيىن بولمىسا كېرەك.

رەھبەرلىك تەدبىر كۆرگەندە تۆت نۇقتىغا دىققەت قىلىشى كېرەك: (1) خىزمەت نىشانىنى بەلگىلىگەندە، زورۇرلۇق، مۇمكىنچىلىك ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى ناھايىتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، نىشاننىڭ توغرىلى-قى، نىشاننىڭ مۇمكىنچىلىكىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ مەمنۇنلۇقىنى تولۇق كۆزدە تۇتۇش كېرەك. (2) نىشان بەلگىلەنگەندىن كېيىن، سانلاشتۇرۇپ ۋە پارچىلاپ، مەسئۇلىيەتنى ھەربىر كىشىگە مۇقىملاشتۇرۇپ، ۋاقتىدا تەدبىر كۆرۈپ، ئەمەللەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، ئىشنى قائىدە-نىزام، تەرتىپ بويىچە ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. (3) مۇھىم نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتا بولغان خىزمەتلەردە ئەتراپلىق سەرەمجانلاپ، ئىجتىھات بىلەن ئورۇنلاشتۇ-رۇپ، ئەسكىرىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش ئۇرۇشى قىلىش كېرەك. تۇتمىسا بىر گەپ، تۇتقانىكەن، ئاخىرىغىچە تۇتۇپ، تۇتۇشتىن ئۈنۈم چىقىرىش كېرەك. (4) نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش داۋامىدا، لازىر نۇرى نىشاننى توغرا بەلگىلىگەندەك توغرا بولماي، نۇرغۇن مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئىنكاسنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ، مەسىلە كۆرۈلگەن ھامان ۋاقتىدا تەڭشەش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 5. ئادەمنى بىلىپ ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش، كەڭ ۋە قويۇق دوست تۇتۇش

ئادەمنى بىلىپ ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش رەھبەرلىك سەۋىيىسىنىڭ مۇھىم گەۋدىلىنىشى، كادىرلارنى ‟تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنىنى ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، كادىرلارنىڭ ئەخلاق-تالانت ئۆلچىمىنى توغرا ئىگەللەش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىجرا قىلغان، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان يۈكسەك كەسپچانلىقى ۋە كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقى بولغان، سىياسىي نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان، ئاممىا ئېتىراپ قىلغان ياخشى كادىرلارنى يۈرەكلىك ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك. ئادەمنى كۆزەتكەندە، ھەممە تەرەپلىرى ياخشى بولۇشنى تەلەپ قىلماستىن، ئاساسىي تەرىپىگە، ماھىيىتىگە، ئېقىمىغا قاراش كېرەك. ئەخلاق دېگەندە، چوڭ تەرەپىنى تەرىپلەپ، كىچىك سەۋەنلىكنى بولدى قىلىش كېرەك؛ تالانت دېگەندە، بىرەر ئارتۇقچىلىقنى ئاساس قىلىش، ئەتراپلىق يېتىلگەن بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق كېرەك. ئەتراپلىق تالانتلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش، ئەمەلىيەتتە تالانتنى يوققا چىقىرىش بولىدۇ. كادىرلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە يېتىشسىزلىكىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئىشقا سېلىپ، ئارتۇقچىلىقىنى ئۆستۈرۈش يولى بىلەن يېتىشسىزلىكىنى تولدۇرۇش لازىم. سەۋەنلىك ۋە خاتالىق ئۆتكۈزگەن كادىرلارنىڭ ئاساسىي تەرىپى ۋە ماھىيىتى ياخشى بولسىلا، قىزغىن ياردەم بېرىش كېرەك. خاتالىقنى تونۇسا ۋە تۈزەتسىلا، تولۇق ئىشىنىش كېرەك. كادىر ئىشلەتكەندە، ئومۇمىي مەنپەئەتنى كۆزدە تۇتۇپ، ياخشىلىرىنىلا ئىشقا قويۇش كېرەك.

تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىمىزدە ئىختىساسلىقلار جەملەشكەن بولۇپ، زىيالىيلار ۋە مەخسۇس خادىملار ناھايىتى كۆپ. دوست تۇتۇش ناھايىتى مۇھىم، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىق ئادەملەرگە ھۆرمەت قىلىش فاڭجېنىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇنى تۈزۈم سۈپىتىدە ئۇزاق مۇددەت داۋاملاشتۇرۇش لازىم. دوست تۇتقاندا، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش، كىشىگە كەڭ قوساق مۇئامىلە قىلىش، سەمىمىي بولۇش، تولىمۇ كەمتەر بولۇش، ئىشىنىش ۋە ھۆرمەت قىلىش، غەمخورلۇق قىلىش ۋە مەدەت بېرىش كېرەك. سىرداش دوست، سەمىمىي دوست تۇتۇش كېرەك. سىرداش دوست ئەگەشمە گەپ قىلمايدۇ، سەمىمىي دوست يېقىن-سەمىمىي كېلىدۇ. ئادەتتە، ئۇلار بىزدە مەسىلە بارلىقىنى بىلسە، يۈرەكلىك كۆرسىتىدۇ؛ ھالقىلىق پەيتلەردە پارتىيە، خەلق بىلەن بىللە تۇرۇپ، بىزنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ. مۇشۇنداق دوست تۇتالىغانلارنى قولىدىن ئىش كېلىدۇ دېسە بولىدۇ. ئەگەر ھەربىر رەھبىرىي يولداش ئاممىا بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلاپ، مۇشۇنداق ياخشى دوستلارنى تۇتالىسا،

ئىشلىرىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان بولاتتى.

## 6. ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىش

ئىتتىپاقلىق رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن پرىنسىپلىق مەسىلە. چوقۇم دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە ئەستايىدىل چىڭ تۇرۇش، بىر-بىرىنى قوللاش، بىر-بىرىنى چۈشىنىش، خۇشخۇي، كەڭ قوساقلىق كەيپىياتىنى، چوڭ ئىشلاردا پرىنسىپنى، كىچىك ئىشلاردا يول قويۇشنى تەكىتلەشنى تەشەببۇس قىلىش لازىم. بىز تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەرمىز، خىزمەت سەرگۈزەشتىمىز ۋە مەسىلىلەرنى كۆزدە تىش نۇقتىمىز ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىدە ئوخشاش بىر مەسىلىگە بولغان قارىشىمىز ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن، بۇ نورمال ئەھۋال. كىمنىڭ پىكرى دۇرۇس بولسا، شۇ بويىچە ئىشلەش كېرەك.

رەھبىرىي خىزمەتتە ماسلىشىشنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ماسلىشىش ئىقتىدارى رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەشۋىقات-مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز، كۆلىمى چوڭ، دائىرىسى كەڭ، قەۋىتى كۆپ، ئىش تەقسىماتى ئىنچىكە بولغاچقا، ماسلىشىش خىزمىتى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ماسلىشىش جەريانىدا پرىنسىپلىق بىلەن جانلىقلىقنى ناھايىتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈش، چوڭ ئىشلاردا بىرلىككە كېلىش، كىچىك ئىشلاردا ئۆزگىلىكنى ساقلاش، بىر تۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىش، ھەربىرى ئۆز ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلالايدىغان ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلار ھەر تەرەپتىن ئالاقە باغلاپ، كۈچ بىرلىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر-بىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە خىزمەت قىلىشى لازىم.

## 7. ئۆگىنىش، ئويلىنىش، ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، يەكۈنلەش

يولداش جياڭ زېمىن ئۆگىنىشنى تەكىتلەش لازىملىقىنى، بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلار بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئۆگىنىشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى قەتئىي تۈزىتىش لازىملىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەندى. بىزنىڭ بۇ سەپتە ئىشلەۋاتقان رەھبىرىي كادىرلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئىجتىھات بىلەن تەتقىق قىلىش زۆرۈر. پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ئاخبارات، نەشرىيات، ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك كەسپىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش كېرەك. كىتابتىن ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىپلا قالماي، ئەتراپتىكى يولداشلاردىنمۇ ئۆگىنىشنى بىلىش لازىم. ۋاقىتنى قەدىرلەش، توپلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، كۆپ يىغىپ كەڭ جارى قىلدۇرۇش لازىم. قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندىلا، ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئۆگىنىش بىلەن ئويلىنىش بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان. "ئۆگەنگەن نەرسە قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە يىراقنى ئويلاپ يەتكىلى بولىدۇ." رەھبىرىي كادىرلار ھەمىشە ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ تۇرۇشى، كاللا ئىشلىتىشنى بىلىدىغان، كۆپ ئويلىنىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىشتۈرۈشى لازىم. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، قانداق قىلغاندا پۈتۈن جەمئىيەتتە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا پايدىلىق ئورتاق غايە، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قائىدىلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۇل ئېتىقادچىلىقى، راھەتپەرەسلىك ۋە ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئۆسۈپ يامراپ كېتىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ؛ ئېچىۋېتىش كېڭەيتىلىۋاتقان، تاشقى ئالاقە كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىۋاتقان ئەھۋالدا، قانداق قىلغاندا دۇنيانىڭ مەدەنىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پائال قوبۇل قىلىپ، چىرىك ئىدىيە-مەدەنىيەتنى چەكلىگىلى بولىدۇ؛ زامانىۋى پەن-تېخنىكا شىددەت بىلەن راۋاجلىنىۋاتقان شارائىتتا، قانداق قىلغاندا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يۇقىرى، يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تولۇق ئىشقا سېلىش يولى بىلەن ئالغا سۈرۈپ، مەنىۋى ئەخلەت-چۈۋالارنىڭ تارقىلىپ يامراپ كېتىشىنى ئۈنۈملۈك توسقىلى بولىدۇ—بۇلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم مەسىلىلەردۇر. بۇ مەسىلىلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش، ئۇلارنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى. خىزمىتىمىزدە تېخىمۇ پائالىيەتچان بولۇش ئۈچۈن، رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم چوڭقۇر ئويلىنىشى، چارە-تەدبىرلەرنى قويۇشى، پايدىلىق تەرەپنى گۈللەندۈرۈپ زىيانلىق تەرەپنى بىكار قىلىشى لازىم.

ئۆگىنىش، ئويلىنىشتىن مەقسەت خىزمەت ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتۇر. ئەمەلىيەت بىلىم ئېلىش، چارە تېپىشنىڭلا مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالماي، ئىدىيىۋى ئاڭنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىنى تەكشۈرۈشنىڭمۇ بىردىنبىر ئۆلچىمى. بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، خىزمەتتىن ئەستايىدىللىق بىلەن خۇلاسە چىقىرىش كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ رەھبىرىي قاتلامنىڭ ھەر يىلدا تەجرىبە يەكۈنلەشنى تەلەپ قىلغانىدى. ئۇ يەنە "ئارقىغا قاراش" لازىملىقىنى ئېيتقانىدى. ئارقىغا قاراش ئالغا بېسىش ئۈچۈن تەجرىبە يەكۈنلەشتۇر. ئادەم ھاياتىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ، ئىشلىگەنىكەن، خاتالاشماي قالمايدۇ. ئازراق سەۋەنلىكنىڭ ئۆتۈشىنىڭ كارايىتى چاغلىق، ئاچقۇچ بىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن بىر ئەقىل تېپىپ، ئۇنىڭدىن ساۋاقنى يەكۈنلەپ، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكنى ھەقىقىي تۈردە مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئانىسى قىلىشتا. تەجرىبە يەكۈنلىگەندە، نېمە كەلسە شۇنى ئەمەس، بەلكى ماھىيەتنى تۇتۇشنى بىلىپ، بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىۋېلىپ، پارچە-پۇرات بىلىشنى سىستېمىلىق بىلىشكە ئايلاندۇرۇش،

ھېسسي بىلىشنى ئەقلىي بىلىشكە كۆتۈرۈش لازىم.

ئۆگىنىش، ئويلىنىش، ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش، يەكۈنلەش بىر-بىرىگە چەمبەرچەس باغلانغان، ئۇلارنى چورتلا ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدىكى مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىرلار بىرلىپ ئۆگىنىشى، چوڭقۇر ئويلىنىشى، ئەمەلىيەتتە دادىل بولۇشى، خۇلاسە چىقىرىشقا ماھىر بولۇشى، ئۇلاردا سىياسەتچىلەردەك باغرى-كۆكس، مۇتەپەككۇرلاردەك تەربىيىلىنىش، ئەمەلىيەتچىلەردەك ئۇسلۇب بولۇشى لازىم.

## 8. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش

مەسئۇلىيەت خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئاساسىدۇر. تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدا ئىشلەۋاتقان يولداشلار ئۆزىگە يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۆزى ئىنتايىن ئەستايىدىل، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان بولۇشى لازىم. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىرنەچچە يىلدىن بۇيانقى مۇھىم تەجرىبە. ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشنى تۆھپە بولمىسا بولمىسۇنكى، سەۋەنلىك بولمىسۇن دەپ چۈشىنىپ قالماسلىق كېرەك. ئۇنى ئىجابىي، ئاكتىپ، ئاڭلىق تەلەپ نۇقتىسىدىن چۈشىنىپ، خىزمەتنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرۇش لازىم. تەقسىم قىلىنغان خىزمەتنىلا ياخشى ئىشلەپ قالماي، ئومۇملۇقنىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە تۆھپە قوشۇش كېرەك. نۆۋەتتىكى ئىشنى ئاساس قىلىپلا قالماي، يىراق كەلگۈسىنىمۇ كۆزدە تۇتۇش لازىم.

ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش لازىم. تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن خېلى زور كۈچ كېتىدۇكى، سىرىلىپ چۈشۈش ناھايىتىمۇ ئاسان. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەلىپى بويىچە، قاتتىق تۇتۇش، بىر كۈنىمۇ بوش قالدۇرماي تۇتۇش، كونكرېت ئىشلاردىن باشلاپ تۇتۇش لازىم. قولنىڭ ئۇچىدىلا ئىش كۆرمەي، قاتتىق، ئىنچىكە، چوڭقۇر، نەق تۇتۇش كېرەك. بوش-بوشاڭغۇ بولماستىن، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق بولۇش لازىم. ئومۇمىي جەھەتتىنلا تۇتۇش قىلىپ قويماي، تېخىمۇ ئىنچىكە ئىشلەش كېرەك. قىيىنچىلىقتىن چېكىنمەي، قىيىنچىلىق بىلىنىپ تۇرسىمۇ ئالغا بېسىش كېرەك. شەكىلۋازلىقتىن ھەزەر ئەيلەپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك.

يۇقىرىدىكى سەككىز نۇقتا تەشۋىقات-ئىدىيە سېپىدە ئىشلەۋاتقان ھەربىر رەھبىرىي كادىر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپا، شۇنداقلا رەھبىرىي كادىرلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك تۈپ ئاساس. پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتقاندا مۇنداق ئۈچ نۇقتا: بىرىنچى، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى تىرىشىپ

www.uyghurkitap.com

قوللىنىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، مەسىلىلەرنى باغلىنىشلىق، ئەتراپلىق، تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش. ئىككىنچى، ئاممىۋى لۇشيەنگە ئاكتىپ ئەمەل قىلىش، ھەممىدە خەلقنى كۆزدە تۇتۇش، قەلبىدە ئامما بولۇش، ئەمەلىيەتكە چۆكۈش، تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش، ئاممىدىن ئۆگىنىش، ئاممىغا قايتۇرۇش. ئۈچىنچى، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگەللەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى سىناش ئۆلچىمى قىلىش، ئەمەلىي ئىشلەشكە ماھىر بولۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزدە تۇتۇش.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا، تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىدە يۈك ئېغىر، مەسئۇلىيەت چوڭ. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تۈپ قىبلىنامە قىلىشتا چوقۇم چىڭ تۇرۇشىمىز؛ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي قەتئىيەت بىلەن ئاكتىپ چىڭ تۇرۇشىمىز؛ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن قەتئىي يوسۇندا ئاكتىپ بىردەك بولۇشىمىز؛ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى قەتئىي، ئاكتىپ چۆرىدەپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن ئىشلىشىمىز؛ تەشۋىقات-ئىدىيە خىزمىتىنىڭ تۆت ئاساسىي ۋەزىپىسىنى قەتئىي، ئاكتىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم. بىز چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىدىيىدە بىرلىككە كېلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، تىرىشچانلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، تېخىمۇ يۈكسەك ھالەت، تېخىمۇ تولۇق قىزغىنلىق، تېخىمۇ ئاكتىپ روھ بىلەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا يېڭى تۆھپە قوشىمىز.

**تەرجىمە قىلغۇچى: غوپۇرجان ئابدۇرېھىم**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# "سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشى" توغرىسىدا

**يۈي چۈەنيۈي**

يولداش جياڭ زېمىن «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قوبۇل قىلغان چاغدا قىلغان سۆزىدە، رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ "ئاخبارات خىزمىتىدە، سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشىنى يولغا قويۇش كېرەك" دېگەن مەشھۇر سۆزىنى نەقىل كەلتۈردى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ ئاخباراتچىلارنىڭ ئۆگىنىپ ۋە چۈشىنىپ، نۆۋەتتىكى ئاخبارات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشى ئۈچۈن رەئىس ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى سۆزىنى قايتا ئوتتۇرىغا قويغانلىقى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

## "سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشى" ئومۇمىي قانۇنىيەت

"سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشىنى يولغا قويۇش كېرەك" دېگەن بۇ سۆزنى رەئىس ماۋ زېدۇڭ 1957-يىلى ئېيتقان بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنى ھېچكىم تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدى. ئاخباراتشۇناسلىق ساھەسىدە، بەزى كىشىلەر ئاندا-ساندا تىلغا ئالغان بولسىمۇ، كۆپ ۋاقىتلاردا، گۇمانلىنىش، ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتاتتى. بەزى كىشىلەر گويا "سىياسەتچىلەر گېزىت چىقارسا" گېزىت ئۈچۈر يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي ۋەزىپىسىدىن چەتلەپ كېتىدىغاندەك، گېزىت "ئاخبارات قەغىزى (Newspaper)"، خەۋەر يەتكۈزىدىغان ۋە خەۋەر تارقىتىدىغان نەرسە بولغاندىكىن، "گېزىتنى گېزىتچىلەر چىقىرىشى" ياكى "ئاخباراتچىلار چىقىرىشى كېرەك"، شۇنداق بولغاندىلا گېزىت خىزمىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

دەرۋەقە، رەئىس ماۋ زېدۇڭ يۇقىرىدىكى سۆزنى ئەينى ۋاقىتتا مەلۇم ئادەملەر ۋە ئىشلارنى تەنقىد قىلىپ ئېيتقانىدى، بۈگۈنكى كۈندە قارىساق، ئۇنىڭ تەنقىدىنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. لېكىن، "سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشى" ھەقىقەتەن گېزىت پەيدا بولغاندىن بۇيانقى ئومۇمىي ھادىسە ياكى ئومۇمىي قانۇنىيەت، گەپ قايسى سىنىپ سىياسەتچىسىنىڭ قانداق سەۋىيىدە گېزىت چىقىرىشىدا.

دۇنيا ئاخبارات ئىشلىرى تارىخى ۋە جۇڭگو ئاخبارات ئىشلىرى تارىخىغا قارىغاندا، بىر قەدەر تەسىرى بار گېزىتلەرنىڭ ھەممىسىنى سىياسەتچىلەر — بەلگىلىك سىنىپ، تەبىقە، پارتىيە-گۇرۇھ، سىياسىي كۈچلەرنىڭ پائالىيەتچىلىرى ياكى ۋەكىللىرى چىقارغان. سىياسىي خاھىش، سىياسىي غەرەزلەردە بولمىغان بىرەر

”خاس گېزىتچى“ چىقارغان گېزىتنى تېپىش ناھايىتى قىيىن. فرانسىيە زور ئىنقىلابى دەۋرىدە «خەلق دوستى» گېزىتى ناھايىتى زور رول ئوينىغانىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق چىقارغۇچىسى مارات فرانسىيە زور ئىنقىلابىنىڭ ئۈچ بۈيۈك يولباشچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى گېزىت چىقىرىشتىن باشلىغان. ئۇلار چىقارغان گېزىتلەر تەسىرى غايەت زور گېزىتلەر ئىدى. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا كاڭ يۇۋېي چىقارغان «ئىلىم كۆچەيتىش گېزىتى»، لياڭ چىچاۋ چىقارغان «ۋەزىيەت گېزىتى»، «يېڭى ئاۋام مەجمۇئەسى گېزىتى»، سۈن جۇڭشەن چىقارغان «جۇڭگو گېزىتى»، «پۇخرا گېزىتى»، جاڭ شىجاۋ، جاڭ تەييەنلەر چىقارغان «سۇجۇ گېزىتى»، چېن دۇشيۇ چىقارغان «يېڭى ياشلار» ژۇرنىلى، ماۋ زېدۇڭ چىقارغان «شياڭجياڭ ئوبزورى»، «ھەپتىلىك سىياسىي گېزىت»، سەي خېسېن چىقارغان «باشلامچى» ھەپتىلىك گېزىتلەر ”سىياسەتچىلەر چىقارغان گېزىت“لەرنىڭ تىپىكلىرىدۇر. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشى دەۋرىدە، كومپارتىيە تەرەپ چىقارغان «ئازادلىق گېزىتى»، «شىنخۇا گېزىتى»، گومىنداڭ تەرەپ چىقارغان «مەركەز گېزىتى»، «تازىلاش گېزىتى»، گومىنداڭغا ”ئاز تەنە بىلەن كۆپ ياردەم بەرگەن“ «داگۇڭ گېزىتى» ”سىياسەتچىلەر چىقارغان گېزىت“لەردۇر. بۇ مەزگىللەردە مەملىكىتىمىزدە يەنە بەزى تەسىرى چوڭ بولمىغان «ئوتتۇرا ئېقىم گېزىتلە-رى» چىقتى. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، سىياسەتچىلەر گېزىت چىقىرىش قانۇنىيەتتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىرىنچى، گېزىت ”ئاخبارات قەغىزى“ بولۇپ، يېڭىدىن يۈز بەرگەن پاكىتلارنى خەۋەر قىلىدۇ، بۇ پاكىتلارنى قانداق خەۋەر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قانداق قاراشتا ھەرقايسى سىنىپ، تەبىقە، پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ تۇتقان سىياسىي مەيدانى ۋە سىياسىي نۇقتىئىنەزىرىدە كۆپ ئوخشاشماسلىق بولىدۇ؛ ئىككىنچى، گېزىت ئاممىۋى تارقىتىش ۋاستىچىسى بولغاچقا، جەمئىيەتتە تەسىرى چوڭ بولىدۇ، تونۇلۇك سىياسىي كۈچلەر گېزىتتىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، جامائەتچىلىكنى يېتەكلەيدۇ ۋە ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## يېڭى دەۋر چېۋەر سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشىغا موھتاج

پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدىكى سوتسىيالىستىك ئاخبارات ئىشلىرىدا، ئاساسەن، پرولېتارىيات سىياسەتچىلە-رى گېزىت چىقىرىدۇ، يەنى گېزىت خىزمىتىگە سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم، سىياسىي يۆنىلىشى توغرا، سىياسىي ساپاسى يۇقىرىراق ئاخباراتچىلار رەھبەرلىك قىلىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى شۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخبارات تارقىتىش ۋاستىسى پارتىيە رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى

ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەربىيىلەپ، تەشكىللەپ ۋە رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنى ۋە ئىشلەپچىقى- رىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئورۇنداپ، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىدىن تويغان نامرات، قالاق جۇڭگونى مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان سوتسىيالىستىك دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بىز جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدۇق ھەم ئۇلارنىڭ جۇڭگودىكى ئاساسىنى يوقاتتۇق، جۇڭگو خەلقى دۆلەتنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندى؛ بىز قىسقىغىنە قىرىق نەچچە يىل ئىچىدە، بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ، سانائەتلىشىش يولىغا ماڭدۇق؛ مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات دەرىجىسى تەرەققىي قىلىۋاتقان مەملىكەتلەر ئىچىدە بىرقەدەر يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈشلەرگە ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىز خەلقىنىڭ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلى- رىنى چۈشىنىش سەۋىيىسى، خەلقئارالىق مەسىلىلەرگە دائىر بىلىمى، مەلۇم تەرەپلەردە، غەربتىكى تەرەققىي تاپقان مەملىكەتلەر خەلقلىرىنىڭكىدىنمۇ يۇقىرى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسىدىن ئايرىلالمايدۇ.

50-يىللارنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن باشلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى ئاممىنى خاتا يولغا باشلاشتەك خاتالىق سادىر قىلىپ، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا ناھايىتى زور زىيان كەلتۈردى. ئۇنى "سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشى"دىن بولغان ئەمەس، بەلكى سىياسەتچىلەرنىڭ خاتالاشقانلىقىنىڭ ياكى بولمىسا پىشمىغان سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقارغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى دەپ قاراش لازىم. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ چاڭگىلىدىكى جامائەت پىكرى قورالىغا باشقىچە قاراش كېرەك.

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى تۈزۈپ چىقىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى تۇرغۇزدى، شۇنىڭ بىلەن مەملىكىتىمىز داغدام يولغا قەدەم قويدى. بۇ مەزگىلدە، سىياسىي داۋالغۇشلار يۈز بەردى، بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى سىياسىي داۋالغۇشلار داۋامىدا جامائەت پىكرىنى خاتا يولغا باشلاپ قويدى، بۇنىڭدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىندى، خاتالاشقانلارنىڭ ئىچىدە، ئىنتايىن ئاز ساندىكىلەرنىڭ بىر يۈرۈش بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىئولوگى- يىسى بولسىمۇ، كۆپ ساندىكىلىرى سىياسىي جەھەتتە يېتىلمىگەنلەر بولغاچقا، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا

سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن ئادىشىپ قالدى.

نۆۋەتتە، مەملىكىتىمىز خەلقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دولقۇنلارنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، سوتسىيالىستىك جۇڭگونى يېڭى بىر بالداققا كۆتۈردى. بىر تەرەپلىمە قاراشتا بولمىغان ھەرقانداق ئادەم كۆرەلەيدۇكى، بىز چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزمەي، ئىتتىپاقلىق-مۇقىملىق سىياسىي ۋەزىيىتىنى ساقلاپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، نەچچە ئون يىل ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتنى يولغا قويساقلا، جۇڭگونى باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، دۇنيادا سوتسىيالىزمنىڭ قۇدرىتىنى قايتىدىن جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.

شۇنداق بولغاچقا، غەربنىڭ جۇڭگوغا قارشى كۈچلىرى مەملىكىتىمىزنى تىنچ يول بىلەن كاپىتالىزم يولىغا كىرگۈزۈۋېتىش ئۈچۈن، مەملىكىتىمىزنى ”غەربچىلەشتۈرۈش، پارچىلاش“ ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ. مەملىكەت ئىچىدە، مەملىكىتىمىز ھازىر ھەددىدىن زىيادە ئۆلۈك باشقۇرۇلغان پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىماقتا، تۈزۈلمە ئالمىشىش جەريانىدا، مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋاللار ۋە يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە، كۆپلىگەن ساپ ھاۋامۇ، زىيانداش چىرىندىلەر ۋە چاڭ-توزانلارمۇ كىرىدۇ؛ بۇرژۇئازىيىنىڭ پۇل ئېتىقادچىلىقى، راھەتپەرەسلىكى ۋە ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىكىدەك چىرىك ئىدىيىسى بىزگە ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلماقتا. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاخبارات خىزمىتى ئالدىدا تۇرغان ۋەزىپە تولىمۇ مۈشكۈل ھەم مۇرەككەپ. يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت پرولېتارىياتنىڭ چېۋەر سىياسەتچىلىرىنىڭ گېزىت خىزمىتى بىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئاخبارات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاخباراتلارنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا خەۋەر قىلىشنى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشنى، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر-تەلەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلىشىنى تەلەپ قىلماقتا.

## ”سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشى“نى يولغا قويۇشتا، ئەڭ مۇھىمى، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك

پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن ”رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەك“ دەپ تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”مەن بۇ يەردە ئېيتىپ ئۆتكەن سىياسەت سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي

پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سىياسىي مەسىلىلەردە چوقۇم ھوش-كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز كېرەك.“ يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ پىكىرلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكى رەھبىرىي كادىرلارغا تامامەن ماس كېلىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى ئاخباراتلارنى خەۋەر قىلىش، مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى جامائەت پىكرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە جامائەت پىكرىنى توغرا يولغا باشلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، شۇڭا، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى سىياسەتنى تېخىمۇ بەك ئەكتىلىشى كېرەك.

ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسەتنى ئەكتىلىشىدە، يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلىرىنى قوبۇل قىلغان چاغدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ”ئەڭ مۇھىمى ئېنىق پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك“، سوتسىيالىستىك ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ پارتىيىۋىلىكى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىيلىقى ۋە ماركسىزمنىڭ ئىنقىلابىي-لىقى ھەم ئىلمىيلىكىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى. ئاخبارات خىزمەتچىلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىيلىقىنى ماركسىزمنىڭ ئىنقىلابىيلىقى ۋە ئىلمىيلىكى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، دۇنيانى ئەتراپلىق، توغرا ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ ۋە جامائەتچىلىكنى توغرا يېتەكلىيەلەيدۇ.

بۇ يىلقى مەملىكەتلىك تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنىدا، يولداش جياڭ زېمىن، سىياسەتنى ئەكتىلەشنىڭ يادروسى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە ۋە سىياسىي مەيداندا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت، دېگەنىدى.

توغرا سىياسىي يۆنىلىش دېگىنىمىز سوتسىيالىزم يولىدا، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىدا، كومپار-تىيە رەھبەرلىكىدە ۋە ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىكتۇر. بۇ—دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشىغا يول قويۇلىدۇ، بىراق، سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك (ئۇنىڭ ئۇلى دۆلەت ئىگىلىكى)نى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا ھەم ئۇنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ خەلق ئىگىلىكىمىزنى ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلاندۇرۇشىمىز ئۈچۈنمۇ ناھايىتى زۆرۈر. خۇسۇسىيلاشتۇرۇش مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنى ۋە ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىۋېتىپلا قالماي، بەلكى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىگىلىكىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ ۋە ئاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئاخبارات خىزمىتىنى باشقۇرۇۋاتقان رەھبىرىي كادىرلار بۇ نۇقتىنى چوقۇم ئېنىق تونۇپ يېتىشى كېرەك.

www.uyghurkitap.com

توغرا سىياسىي مەيدان دېگىنىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىنىپىي مەيداندا مەھكەم تۇرۇش، خەلقئارا ئالاقىلەردە جۇڭگو خەلقىنىڭ مەيداندا مەھكەم تۇرۇش، دۆلەت مەنپەئىتىنى قەتئىي قوغداش دېگەنلىكتۇر. بۈگۈنكى جۇڭگودا سىنىپىي مەيداندىن گەپ ئېچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىماسلىق لازىم. ئىشچىلار سىنىپى (زىيالىيلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلق جۇڭگو نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ، بۇلار جۇڭگو خەلقىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، پارتىيىمىز ۋە سوتسىيالىستىك ئېلىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى. بىز نېمىنى تەشۋىق قىلىش، نېمىنى تەشەببۇس قىلىش، نېمىگە قارشى تۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە، بۇ مەيداننى چىقىش قىلىشىمىز ھەمدە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى كۆزلىشىمىز لازىم.

مەملىكىتىمىزدە كۆپ قىسىم زىددىيەت، جۈملىدىن رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى، كەسىپلەر ئوتتۇرىسىدىكى، تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى، مەركەز بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى ھەم بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتتۇر. بۇنداق زىددىيەتلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلەر پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مەيداندا تۇرۇپ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشى ۋە ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىشى كېرەك.

ئاخبارات خىزمىتىنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئىنتىزامچانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسىي ئىنتىزامنى تەكىتلەشتە، ئەڭ مۇھىمى، مەركەز بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنى ساقلاش كېرەك، كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ، باشقا يول تۇتۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

گېزىت، ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاممىۋى تارقىتىش ۋاسىتىلىرى بولۇپ، خەلق ئاممىسى ئىچىدە ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە. كارخانىلاشتۇرۇپ باشقۇرۇلىدىغان ئاخبارات ئورۇنلىرىدىمۇ ئادەتتىكى كارخانىلارغا ئوخشاش ئىش كۆرۈشكە بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرى، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى پۇلنى ۋە زىلزىلە قوزغاشنىلا قوغلاشماستىن، جەمئىيەتكە جاۋابكار بولۇشى، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى ئەڭ مۇھىم نىشان قىلىشى كېرەك. بۇمۇ "سىياسەتنى تەكىتلەش، سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشى"نى يولغا قويۇشنىڭ پرىنسىپى.

ھەربىر گېزىت-ژۇرنال، رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ مەلۇم ساندىكى خىزمەتچىلىرى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ سىياسەتچى بولۇشىنى تەلەپ قىلالمايمىز. بۇنداق تەلەپ قىلىش ئەمەلىيەتكە سىغمايدۇ. بىراق، ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى دۇنيانى ئەتراپلىق ۋە توغرا

كۆزنتىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق جامائەتچىلىكنى توغرا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. بۇ توغرا سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆزقاراش ۋە ماركسىزملىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئاخبارات خىزمەتچىسى سىياسىي كاللا ھازىرلاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشى لازىم. ئاخبارات خىزمىتىدە ئاخبارات سەزگۈرلۈكى ۋە ئاخبارات سېزىمچانلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاخبارات سەزگۈرلۈكىنى، ئاخبارات سېزىمچانلىقى دېگىنىمىز، ئاساسەن، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخىي تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، سىياسىي ساپاسى بىرقەدەر يۇقىرى، بەلگىلىك سىياسىي كاللىغا ئىگە مۇخبىر، تەھرىرلەرلا دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان مەشھۇر مۇخبىر، مەشھۇر تەھرىر بولالايدۇ. نۆۋەتتە، ئاخبارات خىزمەتچىلىرى ئۆزىنى پاك تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى، ھەق ئېلىش خاراكتېرلىك ئاخبارات بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، ئۆز نەپسىنى دەپ ئاخباراتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى يوقىتىپ قويماسلىقى لازىم. سىياسەتچىلەرنىڭ گېزىت چىقىرىشىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپكە پىششىق، ئىنتىزامى چىڭ، ئىستىلى دۇردۇس ئاخبارات خىزمەتچىلىرى قوشۇنىنى يېتىلدۈرۈش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم.

ھەربىر ئاخبارات ئورنىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئۆزلىرىنى تىرىشىپ چىۋەر پرولېتارىيات سىياسەتچىلىرىگە ئايلاندۇرغان، ھەربىر ئاخبارات خىزمەتچىسى ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئۆزىدە سىياسىي كاللا ھازىرلىغاندا، سوتسىيالىستىك ئاخبارات ئىشلىرىمىز ئادەمنى توغرا جامائەت پىكرى بىلەن يېتەكلىيەلەيدۇ، دۆلەتكە ۋە خەلققە تېخىمۇ زور تۆھپە قوشالايدۇ.

**(ئاپتور: گوۋۇيۇەن ئاخبارات ئىشخانىسىنىڭ باش كاتىپى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاخبارات تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى)**

تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى تۈركىي تىل-مەدەنىيەت فاكۇلتېتى 92-يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار
تەرجىمە مۇھەررىرى: غوپۇرجان ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق چوڭ بولۇش مەسىلىسى ئۈستىدە تەھلىل

شۈي چىڭمىن، جاڭ چېڭشىياڭ

## قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق چوڭ بولۇش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە شەخسلەرنىڭ كىرىم تەقسىماتى مۇناسىۋىتىدە ۋە تەقسىمات قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ كىرىم سەۋىيىسى زور ھەجىمدە ئۆسۈپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق ئاساسىدىكى تەقسىمات ئۇسۇلى كەلتۈرگەن ئومۇمىيۈزلۈك نامراتلىقنى ئۆزگەرتتى، بۇ ھەممىگە كۆرۈنۈپ تۇرغان پاكىت، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسىتىنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبى.

بىز ئۇتۇقلارنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىجتىمائىي تەقسىماتنىڭ ئادىل بولماسلىقى ۋە قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدە چوڭ پەرق بولۇشتەك نورمالسىزلىقلارغىمۇ سەگەكلىك بىلەن ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. ستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدە بىر مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغقە ئىگە نوپۇس بىر مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. 1993-يىلى پۈتۈن مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 2 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىغان كىرىمى يۇقىرىلارنىڭ قويغان ئامانىتى تەخمىنەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى شەھەر-يېزا ئاھالىسىنىڭ شەخس قويغان ئومۇمىي ئامانەت سوممىسىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگەللىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزىلاردا 70 مىليون ئادەمنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى 300 يۈەنگە يەتمەي، ئۇلار يەنىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى، ھەر يىلى مىليونچە ئۆسمۈر نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قېلىۋاتىدۇ. شەھەر-بازار ئاھالىسىدىن نامراتلار 20 مىليون بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىچە ئائىلىق كىرىمى 200 يۈەنگە يەتمەيدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئالدىن

بېيشى، بىردىنلا بېيشى راستچىللىق بىلەن ئەمگەك قىلغانلىق، قانۇنىي تىجارەت قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسى بولماستىن، بەلكى خېلى بىر قىسمى باج ئوغرىلاپ، باج تاپشۇرماي، قانۇنسىز تىجارەت قىلغانلىقنىڭ مەھسۇلى. بۇنداق ئەھۋاللار گەرچە يەنىلا قىسمەن دائىرىدىكى مەسىلە بولسىمۇ، لېكىن دىققەت-ئېتىبارنى قوزغىماي بولمايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا: «ئەگەر پەرق چوڭىيىپ كەتسە، يەنە كېلىپ كېڭىيىشكە قويۇپ بېرىلسە، كۆپ تەرەپلىمە ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

بىرىنچىدىن، ئەگەر كىرىمدىكى پەرق چوڭ بولۇش ئەھۋالى تەرەققىي قىلىۋەرسە، بۇ سوتسىيالىزمنىڭ تەقسىمات پرىنسىپى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ نىشانىدىن چەتلەپ كېتىدۇ. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغاندا كىرىمدە پەرق چوڭ بولۇش ئەھۋالى يۈز بەرمەيدۇ. قانۇنسىز تىجارەت بىلەن كېلىپ چىققان بىردىنلا باي بولۇش ۋە كىرىم پەرقى ئارقىلىق، ئۈنۈمدارلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۈنۈمدارلىق، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئەمگەكچىلەر-نىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پائالىيىتىگە تۈرتكە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ، كىرىمدىكى چوڭ پەرق زور كۆپ ساندىكى كىشىلەرنى ئادىللىق تۇيغۇسىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىلھام بېرىش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، شۇڭا، ئۈنۈمدارلىقتىن سۆز ئېچىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئالدىن بېيىشىغا ئىلھام بېرىش ھەم راستچىللىق بىلەن ئەمگەك قىلىشنى، قانۇنىي تىجارەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، ھەم ئورتاق بېيىشنى ئاخىرقى مەقسەت قىلىدۇ، ئۇنداق بولمىسا، ئالدىن بېيىش ئەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

ئىككىنچىدىن، قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىنىڭ ئاجايىپ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇپ قېلىشى ئاسانلا جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇقىملىق—تەرەققىيات ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئالدىنقى شەرتى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئالغا بېسىشىنىڭ مۇھىم ئالامىتى. تەقسىمات مەسىلىسى ئىنتايىن سېزىمچان مەسىلە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بىۋاسىتە چېتىلىدۇ. تەقسىمات تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن بىللە، كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتە كىرىم پەرقىگە بولغان بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى ئىلگىرىكىدىن كۆپ كۈچەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ بىردىنلا بېيىپ كېتىشىنى، بولۇپمۇ قانۇنسىزلىق بىلەن بىردىنلا بېيىپ كېتىشىنى قوبۇل قىلىش تەس بولىدۇ. رېئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، كىرىمى زىيادە يۇقىرى جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلارنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىچىك، تۆۋەن كىرىملىك جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا بولسا ئۇلارنىڭ نىسبىتى ناھايىتى چوڭ. كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، تۆۋەن كىرىملىك جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ يالغۇز تەقسىماتلا مەسىلىسى بولمىسىمۇ، ئەمما تەقسىمات ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ناۋادا تەقسىماتتا ئادىل بولماسلىق ئەھۋاللىرى ئۆزلۈكسىز كېڭەيسە، تەرەققىيات، ئىسلاھات ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسىغا تەسىر يېتىدۇ.

ئۇچىنچىدىن، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ بىردىنلا بېيىشى غەيرىي نورمال ئىستېمالنى ئاسانلا پەيدا قىلىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنى بۇزىدۇ. مەملىكىتىمىزدە كىرىمى زىيادە يۇقىرى جەمئىيەت ئەزالىرى ئارىسىدا تاكامۇل بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى ئادىل رىقابەت ۋە جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش سىناقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەنلەر ئىنتايىن ئاز، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ نىشانى بىلەن بىردەك بولغان ئىقتىسادىي ئەخلاقى ۋە ئۆمۈر بويى تىنماي ئىگىلىك يارىتىش ھاياجانلىقى شەكىللەنگىنى يوق. تۇيۇقسىز يىغىلغان پۇلنى كۆرۈپ، ئۇلار دەماللىققا نېمە قىلارىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بېرى غەرب مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ پاسسىپ تەسىرى كىرگەنلىكى، شۇنداقلا قىسمەن كىشىلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىدا يامان ئۆزگىرىش بولغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بەزى "چوڭ پۇلدار"لار غەيرىي نورمال ئىستېمالغا بېرىلىدىغان تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ، جەمئىيەتتە راھەت-پاراغەتكە بېرىلىش، ئىسراپخورلۇق قىلىش كەيپىياتىنى پەيدا قىلدى.

## كىرىم پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشىنى پەيدا قىلىشتىكى ئاساسىي ئامىلى

قانۇنغا ئۇيغۇن ئامىللاردىن قارىغاندا، ئاساسلىقى، مەبلەغقە قاراپ تەقسىم قىلىش ئامىلى مەۋجۇت. مەبلەغقە قاراپ تەقسىم قىلىش مەملىكىتىمىزدە نۆۋەتتە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بەزى كىشىلەر ھەر خىل يوللار بىلەن توپلىغان غايەت زور پۇل-پۈچەك، مەيلى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە سېلىنغان بولسۇن، مەيلى بانكىغا قويۇلغان بولسۇن، شۇ پۇل-پۈچەكنىڭ ھايىنىغا ئايلىق ئالغۇچى تەبىقىدىكىلەر ھەرگىز يېتىشەلمەيدۇ. ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا جىسمانىي ۋە ئەقلىي پەرق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كىرىم پەرقى چەكلىك بولىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئىگەللىۋالغان كاپىتالنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كىرىم پەرقى ئۆزلۈكسىز كېڭىيىشى مۇمكىن. سوتسىيالىزمنىڭ

دەسلەپكى باسقۇچىدا، بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى بىرلا ۋاقىتتا تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرىدىغان بولغاچقا، ھەر خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر ئىگىلىگەن كاپىتالنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كىرىم پەرقى مۇقەررەر بولىدۇ. بىز مەبلەغقە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ قانۇنلۇقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىمىز، خۇسۇسىي كارخانا، چەت ئەل سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانا ۋە يەككە تىجارەتنىڭ قانۇنىي كىرىمىنى قوغدايمىز، بىراق قانۇنسىز كىرىمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چەكتىن ئېشىپ كەتكەن يۇقىرى كىرىمنى قانۇن بويىچە تەڭشەيمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، بەزى ئىدارە، ئورۇنلار مەركەزنىڭ قايتا-قايتا تەكىتلىشىگە قارىماي، ھەر خىل-ھەر ياڭزا "كىرىم يارىتىش" ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللاندى، كىرىم يارىتىش ئۇسۇللىرىنىڭ نامىمۇ كۆپ خىل. كىرىم يارىتىشتىن قىلىنغان بەزى كىرىم ئومۇم بىلەن شەخسنىڭ چېگرىسىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، شەخسنىڭ يانچۇقىنى يوغانلىتىپ، "كۈلرەڭ كىرىم" نورمال مائاش كىرىمىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. بۇمۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم پەرقىنىڭ كېڭىيىشىدىكى بىر ئامىل بولۇپ قالدى.

قانۇنسىز ئامىللاردىن قارىغاندا، ئاساسلىقى، ھوقۇق-پۇل سودىسى ۋە قانۇنسىز تىجارەتتۇر.

ئون نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتا، مەملىكىتىمىزدە، بىر تەرەپتىن، پۇللىشىش سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان بازار ئىگىلىكى فورماتسىيىسى شەكىللەندى، يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىدىغان يېڭى تۈزۈلمە، يېڭى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرى تېخى مۇكەممەل، ساغلام بولمايۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى كىشىلەر تۈزۈلمە ۋە باشقۇرۇش جەھەتتىكى يوچۇقتىن پايدىلىنىپ قالتىس بېيىپ كەتتى. ئەڭ تىپىك بولغىنى ئەمەلدار بىلەن سودىگەر بىرلىشىپ، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىپ، باھا پەرقى، پېرېۋوت پەرقى ۋە ئۆسۈم پەرقىنى يۇتۇۋېلىش. بەزى ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىۋاتقانلارنىڭ قارا ۋە كۈلرەڭ كىرىمىنىڭ چوڭلۇقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بەزى كىشىلەر ھەر خىل ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ، ئەرزان باھادا يەر سېتىۋېلىپ، ئارقىدىنلا ھايىنىغا سېتىپ، گويا بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا كاتتا بايغا ئايلىنىۋالدى! تولۇقسىز مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، كۆپ مىقداردىكى دۆلەت مۈلكى ھەر خىل يوللار بىلەن ئېقىپ كەتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ قىسمى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. مۇشۇنداق يوللار بىلەن جەمئىيەت بايلىقى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ، بىردىنلا بېيىغانلار تېزلىكتە كۆپەيمەكتە.

قانۇنسىز تىجارەت ئىچىدە ئەتكەسچىلىك ۋە ئەتكەس ئېلىپ سېتىش، يالغان، ناچار ماللارنى ياساش ۋە سېتىش ئەڭ تىپىك ھالەت بولۇۋاتىدۇ. غالجىرلاشقان ئەتكەسچىلىك ۋە ئەتكەس ئېلىپ سېتىش

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەتلىرى غايەت كۆپ باجدىن قاچتى، ئەينى ۋاقىتتا مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي سانائىتىنىمۇ ئېغىر زەربىگە ئۇچراتتى. مەملىكىتىمىزدە ئىستېمالچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەكلا يالغان، ناچار ماللارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ، بېنىكلىرى پۇلدىن ئايرىلىپ قالدى، ئېغىرلىرى كېسەل بولدى، مېيىپ بولدى ھەتتا ھاياتىدىن ئايرىلىپ قالدى. قانۇنسىز ئۇنسۇرلار قانۇنسىز تىجارەتتىن غايەت زور پايدىغا ئېرىشىپ، دۆلەت ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

يۇقىرىقى ئامىللاردىن باشقا، مەملىكىتىمىزدە نۆۋەتتە ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقىمۇ كىرىمدىكى چوڭ پەرقنى پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى. بۇ ئاساسەن مۇنۇلاردا ئىپادىلىنىدۇ:

1. رىقابەت باراۋەرسىزلىكى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىلەن غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا رىقابەت باراۋەرسىز بولغاچقا، ئوخشاش بولمىغان مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ پايدا پەرقى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ كىرىم پەرقى كېلىپ چىقتى. مەملىكىتىمىزدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش قەدىمى ئوخشاش بولمىغانىدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي يۈكى ئېغىر، ئارتۇق خادىمى كۆپ، قەرزى ئېغىر ئىدى، كارخانا جەمئىيەت ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئېغىر يۈك ئارتىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىجتىمائىي خاراكتېردىكى كەسىپلەر ۋە پايدىسى بولمىغان كەسىپلەرنى يۆلەپ پۇتكۈل خەلق ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرەتتى ۋە ئۇلارغا يۆلەك بولاتتى ھەمدە دۆلەت مالىيىسىنى مۇتلەق زور مىقداردىكى كىرىم بىلەن تەمىنلەيتتى. غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ بۇ جەھەتتىكى يۈكى بولسا كۆپ دەرىجىدە يېنىك بولدى، ھەتتا ھېچقانداق ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان بەزى كارخانىلار ناتوغرا ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، يەنى ئالداش، ھوقۇققا دەخلى يەتكۈزۈش، پارا بېرىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق رىقابەتچىسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ، يۇقىرى مىقداردا ئۆستەك بېرىش، سېتىۋېلىش قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بازارنى ئىگەللىۋالىدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى بەزى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى گەرچە سۈپەت ئۆلچىمىدىن ئوبدان ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ”ئۆستەك“ بېرىشتەك ناتوغرا ۋاستىلەرنى ئىشلەتمىگەنلىكتىن، كۆپ ھاللاردا، ئوخشاش خىلدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان شەخسىي ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىدىن مەغلۇپ بولدى. باراۋەر بولمىغان رىقابەت غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى، بولۇپمۇ خۇسۇسىي كارخانىلار-نى غايەت زور پايدىغا ئېرىشتۈرسە، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ قەدىمىنى قىيىنلاشتۇرۇپ قويدى.

2. كەسىپ مونوپوللۇقى. بەزى ئورۇن ۋە كارخانىلار تەقسىمات ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، ئۇنۇم بىلەن مائاشنى بىرلەشتۈرۈش ۋە مائاش ئۆستۈرۈش سىياسىتىنى بىر ياقىقا قايرىپ قويۇپ، ئەمەلىي ئۇنۇم بىلەن ھېسابلاشماي، ئۆزئارا قوغلىشىپ، خالىغانچە مائاش ئۆستۈرۈپ، مۇكاپات تارقىتىپ، تۈرلۈك نام بىلەن ئۆز مەيلىچە پۇل ۋە نەرسە تارقىتىپ، مائاش ۋە مۇكاپاتنىڭ زىيادە كۆپىيىشىنى ھەم ئىشچى-خىز-مەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق تەمىناتىنىڭ نورمالسىز كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بەزى دۆلەت مونوپوللۇقىدى-كى كەسىپلەر ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە مائاشى، مۇكاپاتى ۋە پاراۋانلىقى باشقا كەسىپتىكىلەرگە سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ كەتتى. بۇنداق پەرقنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ، ياراتقان قىممىتىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى بىلەن مۇقەررەر، بىۋاسىتە باغلىنىشى يوق، بەلكى بۇ قىممەت كۆچۈشىنىڭ نەتىجىسى ۋە كەسىپ مونوپوللۇقىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇنىڭ ماھىيىتى شۇكى، بىر قىسىم جەمئىيەت ئەزالىرى كەسىپ مونوپوللۇقىغا تايىنىپ، باشقا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىدىن چەتلەپ كەتتى.

3. باج ئارقىلىق تەڭشەش ئاجىز. بىرىنچىدىن، باج سىستېمىسى مۇكەممەل ئەمەس. باج تۈزۈمىنى رەتكە سېلىش، باج تۈرلىرىنى مۇۋاپىق ئاجرىتىش ۋە باج نىسبىتىنى بەلگىلەش قاتارلىق تەرەپلەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئارقىسىدا قالدى. مەسىلەن، شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنىنى يولغا قويۇش نىزامىنىڭ مەيدانغا چىقىشى بىر قەدەر كېيىن بولۇش، بەزى يولغا قويۇش پرىنسىپلىرى ئانچە مۇۋاپىق بولماسلىقتەك سەۋەبلەر ئارقىسىدا، بەزى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى كىرىم قىلىدىغانلار بولۇپمۇ ئەمگەكتىن باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن پەۋقۇلئاددە يۇقىرى كىرىم قىلىدىغانلار ئۆتەشكە تېگىشلىك باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۆتىمىدى. ئىككىنچىدىن، باج قانۇنىنى ئىجرا قىلىش قاتتىق ئەمەس. باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىش باج تاپشۇرۇشقا قارشى چىقىش ھەرىكەتلىرى قايتا-قايتا چەكلەنگەن بولسىمۇ، يەنە توختىماي يۈز بېرىپ، كۈچلۈك قانۇن چەكلىمىسى شەكىللەنمىدى. بەزى جايلار ۋە كارخانىلار قىسمەن مەنپەئەتىنى قوغدايمەن دەپ، باجنى خالىغانچە ئازلاتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى، ئامال قىلىپ باج ئوغرىلىدى ۋە باج تاپشۇرمىدى؛ بەزى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىدە بولمىغان ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تىجارەت قىلغۇچىلار ساختا ھېساب كۆرسىتىش، يالغان تالون كېسىش، ھەتتا باج خادىملىرىغا پارا بېرىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر بىلەن زور مىقداردا باج ئوغرىلىدى. مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ ھېسابلىشىغا ئاساسلانغاندا، مەملىكىتىمىزدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن باج ئوغرىلىغان، باج تاپشۇرمىغانلارنىڭ نىسبىتى تەخمىنەن 50—60 پىرسەنتكە يەتكەن، يەككە تىجارەتچىلەر، خۇسۇسىي كارخانىلاردىن باج ئوغرىلىغانلار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ نىسبىتى 90 پىرسەنتتىن ئاشقان، ھەر يىلى باجنىڭ ئېقىپ كېتىش ئومۇمىي سوممىسى 50 مىليارد يۈەن ئەتراپىغا يەتكەن. باج ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ كۈچسىز بولۇشى دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمىنى ئازايتىپ، دۆلەتنىڭ تەقسىمات دائىرىسىدە ئىككىنچى قېتىم تەڭشەش ۋە يۆتكەپ تۆلەش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىۋەتتى. ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى بىر قەدەر ياخشى يولغا قويغان بەزى مەملىكەتلەرنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىمى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 25—30 پىرسەنتىنى ئىگەللىشى كېرەك، ھالبۇكى، باجنىڭ زور مىقداردا ئېقىپ كېتىشى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئون نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ مالىيە كىرىمى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئاران 10 پىرسەنتى ئەتراپىدا بولۇپ كەلمەكتە.

## كىرىم پەرقىنىڭ چوڭ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش چارىسى

قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدە چوڭ پەرقىنىڭ بولۇشىدا سەۋەب مۇرەككەپ بولسىمۇ، بىراق تۈپتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەللەشمىگەنلىكىدىن كەلگەن. شۇڭا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا تۈپتىن ھەل قىلىش يولىنى تۇتۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش پرىنسىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا ئىزچىللاشتۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەمدە مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى تۈزۈپ ۋە چىقىرىپ، ھەر تەرەپلىمە تۈزەشكە توغرا كېلىدۇ.

**بىرىنچى، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە، باشقا تەقسىمات ئۇسۇللىرىنى قوشۇمچە قىلىش پرىنسىپىدا باشتىن ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك.** ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تەقسىماتتا كۆپ ئىشلىگەنلەر كۆپ ئېلىش، ئاز ئىشلىگەنلەر ئاز ئېلىش پرىنسىپىنى ھەقىقىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش، نۆۋەتتە بەزى كارخانىلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان شەخس ھەققى تەرتىپسىز بولۇش ھالىتىنى تۈزىتىش لازىم. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ شەخسىي كىرىمى تەقسىماتىدا ئاساسىي قىسمىنى ئىگەللەيدىغان قىلىش كېرەك.

**ئىككىنچى، بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، باراۋەر رىقابەت شارائىتىنى يارىتىش كېرەك.**

بۇ بازار سۇبيېكتى ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، شۇنداقلا قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق چوڭ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. بۇ يەردە ئېيتىلغان بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش بازار نىزامى ۋە تەلىپى بويىچە قاتتىق ئىش كۆرۈشنى كۆرسىتىدۇ؛ بۇ يەردە ئېيتىلغان رىقابەت باراۋەرلىكى كارخانا تېپىدىكى قانۇنىي ئىگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت باراۋەرلىكى بىلەن ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت باراۋەرلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تىپ، ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى كارخانىلارنىڭ باراۋەر رىقابەتتە توسقۇنلۇق قىلىدىغان تۇرلۇك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى رەتلەپ، ئوخشاش بولمىغان مۇلۇكچىلىك، كەسىپ، رايون، كارخانا ئوتتۇرىسىدىكى پۇرسەتنىڭ تەكشى بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان كىرىم پەرقىنىڭ چوڭ بولۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. خاراكتېرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش شارائىتى ئوخشاش بولمىغان كارخانىلارنىڭ پايدا تېپىشى ئۈچۈن باراۋەر نىزام بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ باج يۈكىنى ئاشكارا، ئادىل قىلىش كېرەك. جەمئىيەت ئەزالىرىنى باراۋەر رىقابەت پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. مونوپول ئىگىلىك باشقۇرۇش شارائىتىنى ئىگەللىگەن كەسىپ ۋە كارخانىلارنىڭ مونوپول قىلىپ تاپقان نورمىدىن ئارتۇق پايدىسىنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىش لازىم. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۈكىنىڭ زىيادە ئېغىر بولۇپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى بىلەن ئەمگەك سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى ھەم ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مۇۋاپىق ئېقىشى ۋە قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشى تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ شتاتى ئېشىپ كېتىش يۈكىنى ۋە كارخانىلار ئۈستىگە ئالغان ئىجتىمائىي يۈكنى يېنىكلىتىش لازىم؛ دۆلەت كارخانىلىرىنى سەپكە يەڭگىل ئاتلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈنۈملۈك چارە قوللىنىپ، كارخانىلارنىڭ قەرز يۈكىنى يېنىكلىتىش لازىم. ھۆكۈمەت بۇ جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىشى، فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىپ، بازار رىقابەت نىزامىنىڭ قوغدىغۇچىسىغا ئايلىنىشى؛ چىرىكلەشكەنلەرنى قاتتىق جازالاپ، ئىمتىيازنى بىكار قىلىپ، ئەمەلدار بىلەن سودىگەرلەرنىڭ تىل بىرىكتۈرۈۋېلىشىغا قەتئىي زەربە بېرىپ، بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتى — قىممەت قانۇنىيىتى، تەمىنلەش-تەلەپ قانۇنىيىتى، ياخشىلىرى تاللىنىش-ناچارلىرى شاللىنىش قانۇنىيىتى، ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتى قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىشى لازىم.

**ئۈچىنچى، دۆلەت مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق ھوقۇقىنىڭ چەكلىمىسىنى چىڭىتىش لازىم.** دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت مۈلكىنى ۋەكالىتەن باشقۇرغۇچىلارنى نازارەت قىلىش-چەكلەش مېخانىزمىنى قۇرۇش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش لازىم؛ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تىكلەش ئارقىلىق دۆلەت مۈلكىگە ئىگىدارلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن ئۇنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىۋېتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، مۈلۈك ھوقۇقى ئوچۇق بولۇش، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم. ئىلھاملاندۇرۇش ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانا باشقۇرغۇچىلارنىڭ دۆلەت مۈلكىنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، ئاشۇرۇشتىكى ئېتىبارچانلىقىنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش كېرەك؛ كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارنى دۆلەت، كارخانا ۋە شەخسنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا باشلاش كېرەك.

**تۆتىنچى، باج قانۇنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك.** بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، باج مۇھىم ئىقتىسادىي پىشاڭ، شۇنداقلا جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتىنى تەڭشەشنىڭمۇ كۈچلۈك قورالى. ئۇ ھەددىدىن ئارتۇق كىرىمنى مۇۋاپىق چەكلەش بىلەن بىللە، باج مەنبەسىنى كۆپەيتىپ، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي كاپالەتنى يولغا قويۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، كىرىمى تۆۋەنلەرنىڭ كىرىمىنى ئېشىرمۇ ئۇنۇملۇك تولۇقلايدۇ. بازار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تاپاۋەت بېجى بىلەن شەخسلەرنىڭ تاپاۋەت بېجىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، باج نىسبىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، باج ئاساسىنى ۋە بەزى باج تۈرلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، باج كېمەيتىش ۋە باج كەچۈرۈم قىلىشنى رەتلەش لازىم. باج ئېلىش ۋە باج ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باج ئېقىپ كېتىشنى توسۇش، باج ئوغرىلىغان، باج تاپشۇرمىغان، باج تاپشۇرۇشتىن قاچقان كارخانا ۋە شەخسلەرگە قىلچە كەڭچىلىك قىلماي قاتتىق جازا بېرىش، ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېغىر جازا بەرگەندىن باشقا، بەزىلىرىنى قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىغا تارتىش كېرەك. شەخسلەر تاپاۋەت بېجى، مال-مۈلۈك بېجى، مىراس بېجى، ئۆتۈنۈش بېجى قاتارلىق تۈزۈملەر ئارقىلىق كىرىمى يۇقىرىلارنىڭ بىر قىسىم كىرىمىنى دۆلەت ئىلكىگە ئېلىش كېرەك. شەخسلەر باج تاپشۇرۇشتا ئېگىشلىك كىرىمىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنىڭ چەكلىمىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

**بەشىنچى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك.** قىسمەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ كىرىمىدىكى پەرق چوڭ بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، قانۇن ۋاسىتىلىرىگە تايىنىش كېرەك. يۇقىرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىش، قانۇنسىز تىجارەت قىلىش، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرماسلىق، كەسىپ مونوپوللۇقى قاتارلىقلار بازار قانۇنىيىتى ۋە رىقابەت نىزامىنىڭ چەكلەش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، بۇلارنى قانۇنغا مۇراجىئەت قىلغاندىلا تۈپتىن تىزگىنلىگىلى بولىدۇ.

ئاز ساندىكى ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەر ۋە قانۇنسىز تىجارەتچىلەرگە پايدىلانغۇدەك يوچۇق قالدۇرماسلىق ئۈچۈن، قانۇن-نىزام سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. قانۇننى ئىجرا قىلىش قائىدىسىنى چىڭىتىپ، ئەدلىيىنى، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى ۋە قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى قانۇنغا رىئايە قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، خىزمەت ھوقۇقىنى قالايمىقان ئىشلىتىش قاتارلىق ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پاك-تەلەپچان بولۇش ھەم نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى كۈچەيتىپ، ھەر خىل "كىرىم يارىتىش" پائالىيىتىنى بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ئېنىقلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىش، ئەمەلدارلار بىلەن سودىگەرلەر تىل بىرىكتۈرۈۋېلىش قاتارلىق چىرىك قىلمىشلارغا قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك.

**(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جىلىن ئۆلكىلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى)**

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى تۈركىي تىل-مەدەنىيەت فاكۇلتېتى 92-يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: غوپۇرجان ئابدۇرېھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم

چى يۈي

يېقىندا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مۇھىم بىر روھنى، يەنى رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىياسەتنى تەكىتلىشى كېرەك دېگەن روھنى قايتا-قايتا تەكىتلىدى. بۇ پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنى، ئىدىيە-ئەخلاق جەھەتتىكى پاكلىقنى ساقلاپ، پارتىيىنىڭ "بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا"دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىنى تېخىمۇ ياخشى، ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان ناھايىتى كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە سىياسىي چاقىرىق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئېغىزدىلا ئەمەس، ھەرىكەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنى ئايرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، بەزى ئاساسىي چەك-چېگرىنى، مەسىلەن، ماركسىزمغا قارشى ئىدىيىلەرنىڭ چېگرىسىنى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ چېگرىسىنى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن غەربنىڭ پارلامېنت دېموكراتىيىسىنىڭ چېگرىسىنى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىئالىزم، مېتافىزىكىنىڭ چېگرىسىنى، سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن فېئوداللىق، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چېگرىسىنى، غەربنىڭ ئىلغار نەرسىلىرىنى ئۆگىنىش بىلەن چەت ئەلگە چوقۇنۇشنىڭ چېگرىسىنى، مەدەنىيەتلىك، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن پاسسىپ، چۈشكۈن تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چېگرىسىنى ۋەھاكازالارنى ئېنىق ئايرىۋېلىشى لازىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ياكى ئۇنىڭدىن چەتلەشكە مۇناسىۋەتلىك، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلە-

نىش-راۋاجلانماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، شۇڭلاشقىمۇ چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردۇر. بىرەر رەھبىرىي كادىر ناۋادا بۇ مەسىلىلەردە ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ قويۇپ، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالمىسا، پرىنسىپچانلىقى كەم بولسا، مەسئۇلىيەتتىن باش تارتقان بولسا، ھەتتاكى سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، خاتا سۆز-ھەرىكەتلەر قايىنىمىغا پېتىپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەرگىزمۇ ياخشى ئادا قىلالمايدۇ، مۇقەررەر ھالدا پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سىياسەتنى تەكىتلىشىدە، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشقا ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىشىدە، ھەم پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتى چىقىش قىلىنغان، ھەم كادىرلارنى ئاسراش كۆزدە تۇتۇلغان.

چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشقا ئەھمىيەت بېرىش ناھايىتى مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. نۆۋەتتە، بىز دەل سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا تۇرۇۋاتىمىز، مەيلى ئىقتىسادىي ساھە، سىياسىي ساھە ياكى ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەسىدە بولسۇن، مۇرەككەپ زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. مەسىلەن، بىر تەرەپتىن، بىز سىرتقا ئىشىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش ئارقىلىق چەت ئەلنىڭ بولۇپمۇ غەربتىكى تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشىمىز، چەت بىلەن ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، خەلقئارا مونوپول كاپىتالنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان دۈشمەن كۈچلەر-نىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتكە قارشى يۈرگۈزگەن تىنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ستراتېگىيىسى بەزى دۆلەتلەردە ئەمەلگە ئاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ كاپىتالىزم ئومۇملاشقان دۇنيا قۇرۇش خام خىيالىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ ئەڭ چوڭ توسالغۇسى دەپ قارىشى مۇقەررەر ۋە كۈنسېرى كۈچلىنىۋاتقان سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەتنىڭ شەرقتە قەد كۆتۈرۈپ چىقىشىنى تېخىمۇ خالىمايدۇ، شۇڭا ئۇلار پۈتۈن ئەس-يادى بىلەن جۇڭگونى ئۆزگەرتىش ۋە تىزگىنلەشكە ئۇرۇنىدۇ، چوقۇم بىزنىڭ سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىزدىن پايدىلىنىپ ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتتە سىڭىپ كىرىدۇ، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى قاراشلىرىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى تارقىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش قىلالمايمىز، ئۆزىمىزنىڭ پاكلىقىنى دۆلەت ئىشىكىنى تاقاپ بېكىنىۋېلىشقا تايىنىپ ساقلىيالمايمىز، ئەمما بىز سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە قوبۇل قىلىش بىلەن چەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. مەسىلەن يەنە، بىر تەرەپتىن، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش يولى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇ-ىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، كۆپ يىللاردىن بۇيان جەمئىيىتىمىزدە، جۇڭگو كاپىتالىزم يولىغا مېڭىشى كېرەك، دېگەننى جاھىللىق بىلەن تەشەببۇس قىلىۋاتقان شۇنداق بىر كۈچ باشتىن ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇلار ھەمىشە ”ئىسلاھات“ بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، تۈرلۈك ھىيلە-مىكىرلەر بىلەن ئۆز تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتىدۇ، بۇ بىزنىڭ يۈكسەك ھوشيارلىقىمىزنى قوزغىشى كېرەك. بىز ئىسلاھاتنى قەتئىي تەۋرەنمەستىن داۋاملاشتۇرىمىز، ئەلۋەتتە. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىسلاھات بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ماھىر بولۇشىمىز كېرەك. يەنە ئالايلۇق، بىر تەرەپتىن، بىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەل باغلاپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بىلەن ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ ۋە باشقا تەقسىمات ئۇسۇللىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغىمۇ يول قويىمىز؛ يەنە بىر تەرەپتىن، مۇشۇنداق شارائىتتا، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلىمى ۋە توپى ئوتتۇرىسىدىكى پايدا-مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە زىددىيەتلەرمۇ چىگىش-مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇنداق مۇرەككەپ پايدا-مەنپەئەت مۇناسىۋىتى ۋە زىددىيەتلەر سىياسىي-ئىدىيىۋى تەشەببۇستا، قىممەت قارىشىدا، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمىدە پەرق ۋە زىددىيەت بولۇپ ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ. بىز پارتىيىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان مۈلۈكچىلىك سىياسىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك داۋاملاشتۇرۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قوغداشقا ماھىر بولۇشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىمىز كېرەك. روشەنكى، بۇنداق تارىخىي شارائىتتا، پارتىيە رەھبەرلىكى دۇچ كەلگەن سىناق زور دەرىجىدە ئاشىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەت ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشىنى، توغرا سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي كۆز قاراشتا چىڭ تۇرۇشىنى، سىياسىي ئىنتىزامغا رىئايە قىلىشىنى، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى ئۆستۈرۈشىنى ھەم بۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدە تىرىشىپ گەۋدىلەندۈرۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشتىكى ئەڭ تۈپ تەلەپ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىدىيە-مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ھادىسىلەرنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى چىقىش قىلىپ كۆزىتىش ۋە باھالاش، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش ۋە كۆرسىتىپ بېرىش ھەمدە ئۆزىمىزنىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ھەرىكىتىنى مۇشۇلارنى ئاساس

قىلىپ تۇرۇپ توغرا بەلگىلەشتىن ئىبارەت. ۋەھالەنكى، ئەمەلىيەتتە بۇنى، كۆپ ھاللاردا، ئاسانلىقچە ئورۇنداپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى شەيئىلەرنىڭ ھادىسىلىرى ۋە ماھىيىتى گەرچە بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن بىۋاستە قوشۇلۇپ بىر نەرسە بولۇپ كەتمەيدۇ. ئوخشاش ماھىيەتنىڭ تاشقى ھادىسىدە ئىپادىلىنىشى ھەرخىل-ھەر ياڭزا بولىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ ئىچىدە ساختا كۆرۈنۈشلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ساھەدە بۇنداق ئەھۋال دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلاردىن توغرىدىن-توغرا ئوچۇق شۇنداق دەيدىغانلىرى ناھايىتى ئاز. بەزىلەر ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنى ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭ سان جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ”كۆپ سانلىق تەشكىل قىلىدىغان دۆلەت كارخانىلىرىنى كىم ئارتۇق سودىسى بىلەن سېتىش ئۇسۇلى بويىچە بارا-بارا خۇسۇسىلار ئىگىلىكىدىكى خۇسۇسىي كارخانىلارغا ئايلاندۇرۇش كېرەك“ دەپ ھېسابلاپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشنىڭ مەنىسىنى بۇرمىلايدۇ. بەزىلەر ماركسنىڭ «كاپىتال»دا ئېيتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا، شەخسىي مۈلۈكچىلىكنى قايتا قۇرۇپ چىقىش دېگەن سۆزنى بۇرمىلاپ، ”دۆلەت مۈلكىنى شەخسلەرگە بۆلۈپ بېرىش“، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان شەخسىي مۈلۈكچىلىكنى يولغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر غەربىي ياۋروپادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش دولقۇنىنىڭ ”ئىجابىي ئۈنۈمى“نى تەرغىب قىلىدۇ، گەپنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلارنىڭ غەرىزى دۆلەت كارخانىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتا دورامچىلىق قىلىشىمىزنى ئارزۇ قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ خىلمۇخىل خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تەشەببۇسلىرى خۇپىيانە ئۇسۇللار بىلەن ئىپادىلەنگەچكە، يەنە كېلىپ ”مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش“ جەھەتتە ئىزدىنىش دېگەن قانۇنىي تونغا ئورۇنۇۋالغاچقا، بەكمۇ قايمۇقتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. بەزى جايلاردىكى رەھبىرىي يولداشلار ئۇنىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇق كۆرەلمەي، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە بۇ خىل خاتا تەشەببۇسلارنى قوبۇل قىلىۋالدى. بەزى جايلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى شەخسلەرگە كەڭ كۆلەمدە سېتىپ بەرگەن، زىيان تارتقان كارخانىلارنى سېتىپلا قالماستىن، پايدا ئالغان كارخانىلارمۇ سېتىۋەتكەن؛ بەزى ناھىيىلەر دۆلەت كارخانىلىرى قالمىدى دەپ جاكارلاشنى شەرەپ دەپ بىلگەن؛ بەزى جايلار ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى شۇ جاينىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنى ئىقتىسادنىڭ ئېششىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىلىپ زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرگەن ۋە باشقىلار. يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەر، ئەمەلىيەتتە، پارتىيىنىڭ

هازىر يۇرگۈزۈۋاتقان مۇلۇكچىلىك سىياسىتىنىڭ تۈپ تەلىپىگە خىلاپ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشتا، ھادىسە ۋە شەكىل ئارقىلىقلا بىۋاستە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلىنىش، ساختا كۆرۈنۈشلەردىن قايمۇقۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چوقۇم ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتنى تۇتۇش كېرەك.

چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش شۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنكى، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ھەمىشە بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، ئىككىسىنىڭ ئېنىق چېگرىسىمۇ بار، بىر-بىرىگە ئۆزگىرىپمۇ تۇرىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ھەممىسى نىسپىي، كونكرېت بولىدۇ، ھەرقانداق ھەقىقەت مۇئەييەن شارائىت ۋە دائىرىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ، ئەگەر ئۇنداق شارائىت ۋە دائىرىدىن ھالقىپ كەتسە، ھەتتا بىر قەدەمنى كۆپ ماڭسىمۇ، سەپسەتىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. رېئال تۇرمۇشتا، ياخشى ئادەملەرنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشى، ياخشى مەقسەتلەردىن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇشۇ خىل ئەھۋاللارغا كىرىدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تىكلەش ۋە نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش مەسىلىلىرىدە بەزى تەشەب-بۇسلار ياخشى بولمىغان ئىدىيىۋى-سىياسىي تەسىر پەيدا قىلدى. بەزى يولداشلار پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىدىكى مەلۇم دەرىجىدە ساقلانغان بيۇروكراتلىق، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ شەخسىي مەنپەئەتكە چوغ تارتىش ۋە باشقا پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە قاتتىق نەپرەتلىنىدۇ، ھەمدە ئۇنى يېڭىشنىڭ ئۇسۇللىرى ئۈستىدە ئاكتىپ ئىزدىنىدۇ، بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك تىزگىنلەنمەسلىكىدىكى مۇھىم سەۋەب دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى، نازارەتنىڭ كۈچسىزلىكى دەپ قاراپ، دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، قانۇن-تۈزۈملەرنى كۈچەيتىش، تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئەسلىدە توغرا ئىدى. لېكىن بەزى كىشىلەر بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتكومنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇشى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا، دېموكراتىيىنى كېڭەي-تىشكە پايدىسىز، ھازىرقى تۈزۈلمە شارائىتىدىكى پارتىيە ئىنتىزامى نازارەتچىلىكى، قانۇن نازارەتچىلىكى، خىزمەت نازارەتچىلىكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ”ئۆزخشاش گەۋدە نازارەتچىلىكىدۇر“، شۇڭا ئۇلار ئاجىز، كۈچسىز، ”غەيرىي گەۋدە نازارەتچىلىكى“لا كۈچلۈك بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ يەردىكى ئاتالمىش غەيرىي گەۋدە نازارەتچىلىكى، ئەمەلىيەتتە، غەرب دۆلەتلىرى يولغا قويغان ”ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش“ ياكى ”ئۈچ ھوقۇق مۇۋازىنىتى“دۇر. بىزگە مەلۇمكى، ئۇنداق تۈزۈلمە ئاستىدا، كومپارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى يولغا قويۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس، پەقەتلا

غەربنىڭ پارلامېنت شەكلىدىكى دېموكراتىيىنىلا يولغا قويۇش مۇمكىن. بۇ ئۇقتىنى كۆرەلمىگەنلەر بۇ خىل تەشەببۇس «مەسىلىنى تەل-تۆكۈس ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى» دەپ قاراپمۇ قالىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشتا، مەلۇم تەشەببۇس، لايىھەنىڭ مەقسىتى، چىقىش ئۇقتىسىغىلا قارىماسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىجتىمائىي-سىياسىي ئاقىۋەتلەرنى نەزەرگە ئېلىش، ئۇنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكىنى، جەمئىيەت تۈزۈمىمىزگە پايدا كەلتۈرىدىغان-كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىش لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىيالماي قېلىپ خاتا يولغا كىرىپ قېلىش مۇمكىن.

چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش ئىرقەدەر چوڭقۇر ماركسىزم-لىق نەزەرىيىۋى ئاساسنىڭ بولۇشىغا ۋە بۇنداق ئاساسقا قۇرۇلغان مۇستەھكەم سىياسىي ئېتىقادنىڭ بولۇشىغا موھتاج. ماركسىزم—ئىلمىي دۇنيا قاراش، دۇنيانى توغرا بىلىشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىزدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك قورال، بىز كوممۇنىستلارنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىمىز، ئىشلىرىمىزنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى. چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشتا، ئالدى بىلەن، ماركسىزم بىلەن غەيرىي ماركسىزم، ماركسىزمغا قارشى ئىدىيىلەرنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىش كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، باشقا چوڭ پرىنسىپلىق ماسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋېلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەھبىرىي كادىرلار ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك. كلاسسىك يازغۇچىلار ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ماۋ زېدۇڭلارنىڭ بەزى ئاساسلىق ئەسەرلىرىنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، ئىنچىكە ئويلىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ كلاسسىك يازغۇچىلار بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئەجداتلىرى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئەجداتلارنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ ئېيتقان. ئەجداتلىرىمىز بىزنىڭ روھىي بۇلىقىمىز ۋە تايانچىمىز، ئۇلار ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى، توختىماي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئىجتىھات بىلەن ئىزدىنىدىغان ئۇلۇغ نىشانىنىڭ ئىلمىي ئۇلگىسىنى كۆرسەتكەن. ئەجدادلارنى تاشلىۋەتسەك، روھىي جەھەتتىن بېلىمىزنى رۇسلىيالمايمىز، سىياسىي جەھەتتە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جاسارەتنى تىكلىيەلمەيمىز. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىدۇر، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك قورالدۇر، بىز چوقۇم ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ئۇنى ئەمەلىيىتىمىزنىڭ يېتەكچىسى قىلىشىمىز كېرەك. بۇ نەزەرىيىگە بىر تەرەپلىمە-

www.uyghurkitap.com

لىك، چېچىلاڭغۇلۇق بىلەن ھەتتا ئۇ يەر-بۇ يەردىن ئۇزۇۋېلىش يولى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىنتايىن خاتا. شۇنداقلا ئىنتايىن زىيانلىق. ماركسىزم نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئىگەللىگەن، پۇختا ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى ئاساس سالغاندىلا، بۈگۈنكى داۋالغۇۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە مۇرەككەپ، مۇشكۈل ئىچكى ئىسلاھات ھەم قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ئالدىدا سىياسىي كاللىنى بىر قەدەر سەگەك تۇتۇپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈكنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىۋالغىلى، شۇنداقلا سىياسىي جەھەتتە ۋە خىزمەتتە ئاز خاتالىق سادىر قىلىپ، ئەگرى يولغا كىرىپ قالمىغىلى بولىدۇ. نەزەرىيە جەھەتتە سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىك بولمىسا، سىياسىي جەھەتتە سەگەكلىك ۋە قەتئىيلىكنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنى بىر تېئورىما دېيىشكە بولىدۇ. بەزى يولداشلىرىمىز ئېلگىرى سىستېمىلىق ماركسىزملىق نەزەرىيە تەربىيىسى كۆرمىگەن، رەھبەرلىك ئورنىغا چىققاندىن كېيىن، يەنە كۈندىلىك ئىشلارغا باش چۆكۈرۈپ كېتىپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چىڭ تۇتالمىغان، ئۇلارنىڭ رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەمىشە كەسپىي تېخنىكا تەجرىبىسىنىڭ تار يولىدىن چىقالمايدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا نەزەرىيىگە سەل قارايدۇ، ھەتتا نەزەرىيىدىن بىزار بولىدۇ. ئۇلار رەھبەرلىك خىزمىتىدە، كۆپىنچە، ئاڭسىز ھالدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى، كەسپىي خىزمەت بىلەن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئايرىپ تاشلايدۇ، بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدۇ. ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىدىيە-مەدەنىيەت ساھەلىرىدىكى بۇنداق ”قىزغىنلىق“، ئۇنداق ”دولقۇن“، بۇنداق ”شامال“، ئۇنداق ”ئۆركەش“لەرگە دۇچ كەلگەندە، كۆزى ئالچەكمەن بولۇپ، ئالاقزادە بولىدۇ، ئاساسلىق ھەق-ناھەق چېگرىسىنى ئايرىيالمايدۇ ھەم ئايرىغىسىمۇ كەلمەيدۇ، ”ھېسسىياتقىلا ئەگىشىپ ماڭىدۇ“. بەزى جايلاردا، بەزى ئىنتايىن زىيانلىق سەپسەتىلەر، مەسىلەن، ”ئەتكەسچىلىك بولمىسا، باي بولغىلى بولمايدۇ“، ”يالغان ماللار بولمىسا، باي بولغىلى بولمايدۇ“، ”پاھىشىۋازلىق بولمىسا، باي بولغىلى بولمايدۇ“، ”بۇزۇپ-چېچىپ ئىسراپچىلىق قىلىش تىجارەتچىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ مەبلەغ كىرگۈزۈش ئۈچۈندۇر“، ”ئۇچتە ھەمراھ بولۇش مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈندۇر“، ”پارا بېرىش سېتىشنى ئالغا سۈرۈش ئۈچۈندۇر“، ”چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ“ دېگەندەك قاراشلار كەڭ دائىرىدە ئېقىپ يۈرمەكتە، بەزى قانۇنسىز قىلمىشلار ۋە رەزىل ھادىسىلەر، مەسىلەن، پاھىشىۋازلىق، پارا بېرىش-پارا ئېلىش، ئەتكەسچىلىك قىلىش ۋە ئەتكەس مال سېتىش يامرىماقتا، ھەتتا بەزى رەھبىرىي كادىرلارمۇ بۇ سەپسەتە ۋە رەزىل قىلمىشلارنىڭ تارقاتقۇچىلىرىغا، ئەگەشكۈچىلىرىگە،

قاتناشقۇچىلىرىغا ئايلانماقتا. پاكىت چۈشەندۈردىكى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا، بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىز سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن فېئوداللىق، كاپىتالىستىك چىرىك ئىدىيىلەرنىڭ چېگرىسىنى، مەدەنىي، ساغلام تۇرمۇش ئۇسۇلى بىلەن پاسسىپ، چۈشكۈن تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ چېگرىسىنى ھەقىقەتەن ئېنىق ئايرىيالمايۋاتىدۇ. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، بۇ يولداشلىرىمىز ماركسىزىملىق دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشىنى چوڭقۇر چۈشەنمەيدۇ ياكى ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنمەيدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ سىياسىي پەرق ئېتىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، ھەتتا يوقاپ كەتتى. بۇ، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنى ئىگەللەش بىزنىڭ ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، توغرىنى ياقلاپ،، خاتاغا قارشى تۇرۇشىمىزدا نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكىنى سەلبىي جەھەتتىن چۈشەندۈرىدۇ.

چوڭ پىرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشتىن مەقسەت كىشىلەرنى ئەدەپلەش ئەمەس، ئۇنىڭدا كىشىلەرنى كالتەكلەش، كىشىلەرگە قالپاق كىيگۈزۈش، كىشىلەرنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇش ۋە چەكسىز پىرىنسىپقا كۆتۈرۈشتەك خاتا ئۇسۇللارنى قوللىنىشقىمۇ بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە بۇرۇن چوڭقۇر تارىخىي ساۋاقلار بولغان، ئۇنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە ئاساسىي مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس، بەلكى بەزى يولداشلارنىڭ ئاشۇنداق كۆرۈنۈپ تۇرغان خاتا ۋە زىيانلىق نەرسىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بايرىقى روشەن ھالدا تەنقىد قىلىشقا، ئىنكار قىلىشقا، توسۇشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىدا. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ يولداشلاردا شەخسىيەتسىز ھەم قورقماس روھ كەمچىل، بىر خىل توغرا كەيپىيات كەمچىل، نەزەرىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى جۈرئەت كەمچىل، مۇھىمى يەنىلا ئۇلاردىكى "شەخسىيەتچىلىك"نىڭ كاساپىتى. مەسىلەن، سېرىق نەرسىلەرنى تازىلاش، يالغان ماللارغا زەربە بېرىش، ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلاردا، بەزى يولداشلار خىزمەتتە ھەمىشە يۇقىرى تۇرتۇپ قويسا مىدىرلايدۇ، مەركەز تەكىتلىسە تۇتۇپ قويىدۇ، خىزمەتتە ھەمىشە پاسسىپ ھالەتتە تۇرىدۇ، شۇ ۋەجىدىن بەزى جايلاردىكى قانۇنسىزلىقلار، رەزىللىكلەر قايتا-قايتا چەكلەنسىمۇ يوقاپ كەتمەي، بارغانسېرى ئەدەپ كەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشتىكى بىردىنبىر سەۋەبى قىسمەن مەنپەئەتكە، كىچىك گۇرۇھ مەنپەئىتىگە، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ياكى "سىياسىي نەتىجە"گە تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويۇشتىن، سايىلام بېلىتىدىن قۇرۇق قېلىشتىن ئەنسىرەش، بۇ چوڭايتىلغان شەخسىي مەنپەئەت ۋە بىۋاستە شەخسىي مەنپەئەت ئۇلارنى بىرەر ئىشقا يولۇققاندا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماستىن، ئۆزىنىڭ قوشۇلۇش ياكى قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلدۇرمايۋاتىدۇ. رېئاللىقتا يەنە مۇنداق بىر خىل ئەھۋال بار: جەمئىيەتتە، بۇ "شامال"، ئۇ

”قىزغىنلىق“ شىددەت بىلەن ئۇرۇپ كەلگەندە ياكى مەلۇم خاتا ئېقىم تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەندە، بەزى يولداشلار ئۇنىڭ ئىچىدىكى پرىنسىپقا خىلاپ مەلۇم مەسىلىلەرنى كۆرەلمەيدۇ ئەمەس، بەلكى، كۆپ ھاللاردا، كۆكرەك كېرىپ چىقىپ زىيىنىنى ئۇچۇق ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ”مۇتەئەسسىپ“، ”قاتمال“، ”ئىسلاھاتنىڭ توسقۇنى“ دېگەن قالپاقلارنى كىيىپ قېلىشتىن قورققانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بۇ ئۇلارنىڭ نەزەرىيە، سىياسىي جەھەتتىكى جۈرئىتىنىڭ ناھايىتى كەمچىللىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇمۇ شەخسىيەتچىلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر. ئۆزىنى ئۆزى يېگەلمىگەندە، شەخسىيەتسىز ھەم قورقماس روھىي كەيپىياتى كەم بولغاندا، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش ئاسان ئەمەس! رەھبىرىي كادىر ئۆزىنىڭ شۆھرىتى، ئورنى، ھوقۇقىنى مۇھىم كۆرمەي، پارتىيىنىڭ پرىنسىپى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغاندىلا، شەخسىيەتسىز، قورقماس، جۇشقۇن، توغرا كەيپىياتنى يېتىلدۈرۈپ، چوڭ پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولىدۇ.

**(ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى: ج ك پ مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى پارتىيە قۇرۇلۇشى تەتقىقات ئورنى)**

تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى تۈركىي تىل-مەدەنىيەت فاكۇلتېتى
92-يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار

تەرجىمە مۇھەررىرى: غوپۇرجان ئابدۇرېھىم

# ساختا سياسي نەتىجىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك

## مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى تەتقىقات ئىشخانىسى

يېقىندا، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار: ”ئومۇمەن ساختا سىياسىي نەتىجە كۆرسىتىدىغان كادىرلار-نى ئۆستۈرۈپ مۇھىم ۋەزىپىگە قويماستىن، قاتتىق تەنقىد قىلىش، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلغانلارنى جازالاش كېرەك؛ شۇ سەۋەب بىلەن رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئۆستۈرۈپ كىرگۈزۈلگەنلەرنى قەتئىي چۈشۈرۈش كېرەك“ دېگەن بىر پرىنسىپ بېكىتىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بۇنى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ئەشكىلاتلىرى قىلچە تەۋرەنمەستىن ئىزچىل ئىجرا قىلىشى، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم. بىر مەزگىلدىن بېرى، مەركەز بەزى جايلاردىكى ئاز سانلىق كادىرلار تەشكىلنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ شەخسىي مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىلەرنى قوللىنىپ ساختا سىياسىي نەتىجە كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللارنى بايقىدى ۋە قايتا-قايتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قەتئىي چەكلىدى. لېكىن، ھازىرغىچە بەزى كىشلەر ئاگلاپ تۇرۇپمۇ پەرۋا قىلمايۋاتىدۇ. پارتىيە ئىنتىزامىغا ۋە دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، پارتىيىگە ۋە خەلققە زىيان يەتكۈزىدىغان بۇنداق قەبىھ قىلمىشنى بايقىغان ھامان قىلچە يۇمشاق قوللۇق قىلماي، مەركەز بەلگىلىگەن پرىنسىپقا ئاساسەن قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم.

بۇ پرىنسىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى توغرا تەكشۈرۈش كېرەك. ھازىر بەزى جايلارنىڭ سىياسىي نەتىجىنى تەكشۈرۈشىدە شۇنداق بىر گەۋدىلىك مەسىلە باركى، بۇ جايلار سىياسىي نەتىجىنى بىرقانچە سانلىق مەلۇمات ۋە كۆرسەتكۈچ بىلەن ئاددىيلا باراۋەر قىلىپ قويغاچقا، ”كادىر سان چىقىرىدىغان، ساندىن كادىر چىقىدىغان“ نورمالسىز ئەھۋاللار يۈز بەردى، بۇ ھال بەزى يالغانچى كۆپتۈرمىچىلەرگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى تەكشۈرۈشتە سۈپەت بىلەنساننى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، سان جەھەتتىنلا تەھلىل قىلىپ قالماي، سۈپەت جەھەتتىنمۇ ھۆكۈم قىلىش لازىم؛ سانلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك ۋە سانلاشتۇرۇش مۇمكىن بولغان خىزمەتلەرنى سانلاشتۇرماي، كادىرلارنى تەسىراتقا ۋە پەرەزگە تايىنىپ باھالاشقا بولمايدۇ، سانلاشتۇ-رۇش تەس بولىدىغان ھەتتا مۇمكىن بولمايدىغان خىزمەتلەرنى مېتافىزىكىلىق يول بىلەن سۈنئىي ھالدا

سانلاشتۇرۇشقىمۇ بولمايدۇ؛ بىر تەرەپلىكنى پۈتۈنلۈك دەپ ھېسابلاپ، كادىرنىڭ پۈتۈن سىياسىي نەتىجىسىنى ئاددىي ھالدا بىرقانچە رەقەمگىلا باراۋەر قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاممىا ئېتىراپ قىلىشى كېرەك دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك بىلەن ئاممىنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئاممىنىڭ پىكرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلاش كېرەك. شۇنىڭدەك، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە، مۇپەتتىش قاتارلىق قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدىغان ئورۇنلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاش كېرەك. كادىرلارنىڭ سىياسىي نەتىجىسىنى تولۇق چۈشەنگەن ۋە توغرا ئىگىلىگەندىلا، كادىرلارنى تاللاپ ئىشلىتىشكە ئىشەنچلىك ئاساس يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ. تەشكىلىي خىزمەت ئىشلەيدىغان كادىرلار تەكشۈرۈش ئىقتىدارىنى مۇكەممەل يېتىلدۈرۈشى، چۈشكۈر چوڭقۇر، ئىنچىكە ئىشلەش، ئېھتىياتچان بولۇش، ئەمەلىيەتچىل بولۇشتەك خىزمەت ئىستىلىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ساختا سىياسىي نەتىجە كۆرسىتىدىغانلارغا پايدىلىنىدىغان پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بەرمەي، بۇ پرىنسىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پۇختا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

بۇ پرىنسىپنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم. سىياسىي نەتىجە جەھەتتە ساختىلىق-يالغانچىلىق قىلىدىغانلىكى كىشىلەر، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئۆز مەنپەئىتىگە چوغ تارتىدۇ. بۇنىڭغا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم بايرىقىنى ئېنىق تۇتۇپ قارشى تۇرۇشى ۋە ئۇنى چەكلىشى، ھەرگىزمۇ ئۇنى رايىغا قويۇپ بەرمەسلىكى كېرەك. ھازىر ساختا سىياسىي نەتىجە كۆرسەتكەن ئاز ساندىكى كادىرلارنىڭ تەنقىدىي تەربىيە ۋە جازاغا ئۇچرىماستىن، ئەكسىچە ئۆستۈرۈلۈپ مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئايرىم رەھبىرىي كادىرلار ئۇلارنى رەنجىتىپ قويارمەنمىكىن دەپ پرىنسىپتا چىڭ تۇرماي، ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. بەزىلەر بەزى كادىرلارنىڭ ساختىلىق-يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىر كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئۆستۈرۈلۈپ مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇلۇشىغا پۇرسەت بەردى؛ بەزىلىرى ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، پۈتۈنلەي ساختا سىياسىي نەتىجە بىلەن يالغاندىن تەشكىلنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشۋالغانلىقى مەلۇم بولغان بولسىمۇ، ھەر خىل شەخسىي ئۇيى بىلەن "بولغۇلۇق بولدى" دەپ سۈكۈت قىلىپ تۇرەتمىدى. بۇ پارتىيە ئىنتىزامى يول قويمايدىغان ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك. شەخسىيەتسىزلەرلا قورقماس كېلىدۇ. ساختا نەتىجە كۆرسىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغا يۈكسەك مەسئۇل بولۇش روھىدا بولۇپ، شەخسىي غەرەزدىن ۋاز كېچىپ، دادىللىق

بىلەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ساختىلىق-يالغانچىلىق قىلغانلارنى ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىشتۈرمەستىن، ئەكسىچە تېگىشلىك جازاغا مەھكۇم قىلىشى كېرەك.

بەزى رەھبىرىي كادىرلار ساختا سىياسىي نەتىجە كۆرسىتىپ، پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەنىدىن ناھايىتى يىراقلاپ كەتتى. شۇڭا ساختىلىق-يالغانچىلىققا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنى چەكلەشتە، ئەڭ ئاساسلىقى، رەھبىرىي كادىرلارغا قارىتىلغان تەربىيىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەيدىغان ئىدىيىۋى لۇشيەن تەربىيىسىنى كۈچەيتىش لازىم. تارىخىي ساۋاقنى ئۇنتۇشقا بولمايدۇ. "چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش" ۋاقتىدا كۆرۈلگەن كۆپتۈرۈش شاملى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا غايەت زور زىيان كەلتۈرگەنىدى. سان-ساناقسىز پاكىت ئىسپاتلىدىكى، قاچان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەندە، پارتىيە ئىشلىرى ئۇتۇق قازاندى، ئەكسىچە بولغاندا، ئوڭۇشسىزلىققا ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىشى، پارتىيىگە سادىق بولۇشى، راست سۆزلىشى، ھەقىقىي ئىش قىلىشى، سەممىي بولۇشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى تۈركىي تىل-مەدەنىيەت فاكۇلتېتى 92-يىللىق ئۇيغۇر تىلى سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلار**

**تەرجىمە مۇھەررىرى: غوپۇرجان ئابدۇرېھىم**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر بىرقانچە قىزىقتۇرارلىق مەسىلىلەر

سۇ گاڭ

نۆۋەتتە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى نۇقتىلاردا سىناق قىلىش خىزمىتى دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىغا جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بەزى قىزىقتۇرارلىق مەسىلىلەرنى قويدى، بولۇپمۇ بەزى مۇجمەل تونۇشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**1. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدا، پارتىيە تەشكىلىنى تەسىس قىلىش يەنىلا زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ؟**

بەزى كىشىلەر، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدا كارخانا ئىچىدە پارتىيە تەشكىلىنى تەسىس قىلماسلىق كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلدى. بەزىلەر: "زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى بەرپا قىلىنىدىكەن، خەلقئارا ئادەتلەرگە يېقىنلىشىش، يەنى كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، چۈنكى غەرب ئەللىرىدىكى كارخانىلاردا پارتىيە تەشكىلى بولمىسىمۇ، كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى يامان ئەمەس بولۇۋاتىدۇ" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بەزىلەر: "پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسەن جەمئىيەت، ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ، كارخانىدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تەشكىلات ئىچىدە ئىجتىمائىي سىياسىي تەشكىلات ھېسابلىنىدىغان پارتىيە تەشكىلىنى تەسىس قىلمىسىمۇ بولىدۇ، كارخانىلاردىكى پارتىيە ئەزالىرىنى جايلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈش كېرەك" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى.

بۇ خىل كۆز قاراشلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى پارتىيە تەشكىلىنى چەتكە قاقمايدۇ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغاندا جەزمەن پارتىيە تەشكىلىنى بەرپا قىلىش كېرەك. بىرىنچىدىن، دۆلىتىمىزدىكى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇپ، كاپىتالىستىك كارخانا تۈزۈمىنى شۇ پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ. كاپىتالىستىك كارخانا

تۈزۈمىنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى دەپ قاراشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا، كاپىتالىستىك كارخانىلاردا پارتىيە تەشكىلى تەسىس قىلىنمىغان، شۇڭا بىزمۇ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغاندا پارتىيە تەشكىلىنى تەسىس قىلماسلىقىمىز كېرەك، دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، كارخانىلاردا ۋە ئاساسىي قاتلاملاردا پارتىيە تەشكىلىنى تەسىس قىلىش ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش پرىنسىپى، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيىلىك ئورنى بەلگىلىگەن. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ھوقۇقى مەركەز، جايلار ۋە ئاساسىي قاتلامدىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كارخانا دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرلىكى، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسى، دېمەك ئۇ ئىشچىلار سىنىپى مەركەزلەشكەن جاي. ئەگەر كارخانىلاردا پارتىيە تەشكىلى تەسىس قىلىنمىسا، پارتىيە ئۆز سىنىپىي ئاساسىدىن چەتلەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئايرىلىپ قالىدۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ كارخانىلاردا ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى كاپالەتسىز بولۇپ قالىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كارخانا ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىغا ئالاقىدار چوڭ-چوڭ مەسىلىلەردە، پارتىيە تەشكىلىنىڭ يېتەكلەش، پرىنسىپنى ئىگەللەش، ماسلاشتۇرۇش رولىدىن ئايرىلالمايدۇ. كارخانىدىكى ھەرقانداق باشقا تەشكىلات ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. پارتىيىنىڭ كارخانىدىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش، پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈسىنى ئالغان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى، ئۇ كارخانا تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلىپى، شۇنداقلا يېڭى كارخانا رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈر مەزمۇنى.

**2. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدا، پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىدا چىڭ تۇرۇش يەنىلا زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ؟**

بەزىلەر، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى شارائىتىدا پارتىيە تەشكىلى پارتىيە ئەزالىرىنى ياخشى باشقۇرسىلا بولىدى، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلەر، كارخانا ئىچىدە پارتىيە پارتىيە ئىشلىرىنىلا باشقۇرۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنىلا باشقۇرۇشى كېرەك، پارتىيە مەمۇرىي ئىشلارنى باشقۇرماسلىقى، ئىقتىسادنى باشقۇرماسلىقى كېرەك، دېدى. يەنە بەزىلەر، كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلى پەقەت كاپالەتلىك قىلىش، نازارەت قىلىش رولىنىلا جارى قىلدۇرۇشى، سىياسىي يادرولۇق رولى دېگەننى قويۇپ قويۇشى لازىم، دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى.

بۇ خىل تەشەببۇس بويىچە بولغاندا، پارتىيە تەشكىلى كارخانىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىشنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويۇلىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلى پارتىيە

ئەزالىرىنى ياخشى باشقۇرۇشى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. بىراق بۇنداق قىلىش بىلەنلا كۇپايە بولمايدۇ. پارتىيىنىڭ كارخانىدا بولغان رەھبەرلىكى ئاساسەن مۇنداق ئىككى خىل شەكىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ: بىرىنچى خىلى، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قانۇن-نىزاملار ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىش؛ ئىككىنچى خىلى، كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلى ئارقىلىق رەھبەرلىك قىلىش. كېيىنكى بىر خىل رەھبەرلىك ئارقىلىقلا، ئالدىنقى بىر خىل رەھبەرلىكنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. كارخانا ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ كۆرگەن تەدبىرىدە ئىپادىلىنىدۇ، پارتىيە تەشكىلى پەقەت تەدبىر بەلگىلەشكە قاتناشقاندىلا، ئاندىن تەدبىرنىڭ توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئەگەردە پارتىيە تەشكىلى تەدبىر بەلگىلەشكە قاتناشماي، پەقەت تەدبىر بەلگىلەپ بولغاندىن كېيىنكى نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش ئىشلىرىنىلا ئۈستىگە ئالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل نازارەتنىڭ خاتا تەدبىر بەلگىلەش ھەرىكىتىنى توسۇشقا كۈچى يەتمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ، خالاس. كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىدا چىڭ تۇرۇش پارتىيە نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك فۇنكسىيىلىرىدا چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ، بۇ فۇنكسىيىلەر بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. ئۇلارنى ئۆز خاھىشى بويىچە ئايرىۋېتىپ، بىر قىسمىنى خالىغانچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

**3. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدا، ”پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش“نى يولغا قويۇشقا بولامدۇ-يوق؟**

بەزىلەر، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى شارائىتىدا، كارخانىدىكى ئاپپاراتلارنى قوشۇۋېتىش كېرەك، دەپ قاراپ، ”پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش“ يەنى پارتىيە ئاپپاراتلىرى بىلەن مەمۇرىي ئاپپاراتلارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، فۇنكسىيىلىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، خادىملىرىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. بەزىلەر ”پارتىيىنى مەمۇرىيەتكە كىرگۈزۈش، پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەتنى بىرلەشتۈرۈش“ كېرەك، ”پارتىيىنى مەمۇرىيەت ئاساسىغا قۇرۇش“ كېرەك دېگەنگە ئوخشاش كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئەگەردە بۇ تەشەببۇسلار بويىچە ئىش كۆرىدىغان بولساق، پارتىيە تەشكىلى ئىسمى بار جىسمى يوق بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى پارتىيە تەشكىلدە بار، ئاپپاراتتا يوق بولغاندا، چېچىلاڭغۇ ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ئايلىنىپ قالىدۇ، پارتىيە ئەزالىرى ”پىتراپ كەتكەن ئەسكەرلەر“ بولۇپ قالىدۇ. نەتىجىدە پارتىيە تەشكىلى ئاجىزلاشتۇرۇلىدۇ، پارتىيە رەھبەرلىكى سۇسلاشتۇرۇلىدۇ. ئىلگىرى ”پارتىيىنىڭ

بىر تۇتاش رەھبەرلىكى»نى يولغا قويۇپ، پارتىيىنى مەمۇرىيەت ئورنىغا دەسستىپ، پارتكوم مەمۇرىي ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالىدىغان يولنى تۇتۇپ خاتا قىلغانىدۇق؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، مەمۇرىيەتنى پارتىيە ئورنىغا دەسسەتسەك، بۇمۇ توغرا ئەمەس. بۇنىڭغا قارىتا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «بىر كىشى ئىككى ۋەزىپىدە بولۇش» دېگىنىمىز «بىر گەۋدىلەشتۈرۈش»تىن پەرقلىنىدۇ. «بىر كىشى ئىككى ۋەزىپىدە بولۇش» بىر تۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەش شەكلىدىنلا ئىبارەت. لېكىن «بىر كىشى ئىككى ۋەزىپىدە بولۇش»نى يولغا قويۇشنىڭ مۇنداق بىر ئالدىنقى شەرتى بولۇشى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ ئىككى قولدا تۇتالايدىغان بولۇش، ئىككى قولدا تۇتالمىسا، «بىر كىشى ئىككى ۋەزىپىدە بولۇش»نىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى مۇمكىن ئەمەس.

**4. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدا، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش يەنىلا زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ؟**

بەزىلەر، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپى زامانىۋى كارخانىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمگە زىت كېلىدۇ، زامانىۋى كارخانىدا كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى تىلغا ئالماسلىق كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ.

بۇ خىل تونۇشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش زۆرۈر. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش بىلەن ئورگانىك ھادا بىرلەشتۈرۈلۈپ بەرپا قىلىنىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىدا، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش شەرت. بۇنى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلىك ئورنى، كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق ئورنى بەلگىلىگەن. ئۇ، كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنىڭ تەركىبىي مەزمۇنى ۋە مۇھىم ئىپادىسى، شۇنداقلا كارخانىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت سىياسىي ئەۋزەللىكىنىڭ نامايەندىسى. زامانىۋى كارخانا دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇھىم ئاساسى، ئەگەردە كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدىن ۋاز كېچىدىغان بولسا، پارتىيە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا بولغان رەھبەرلىك ھوقۇقىنى، كارخانا باشقۇرۇشنىڭ سوتسىيالىستىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ كاپالىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، سوتسىيالىستىك كارخانا نوقۇل ئىقتىسادىي تەشكىلات بولماستىن، بەلكى يەنە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە تايىنىش، ئۇلارنى يېتەكلەش ۋە تەربىيىلەشتىن ئىبارەت سىياسىي ۋەزىپىنىمۇ ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئىقتىسادنى بىلىپلا قالماي، سىياسىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى بولغان كادىرلارنى رەھبەرلىك ئورنىغا تاللاپ ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلغىلى، ھەمدە ئۇلارنى «ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قول قاتتىق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولۇش“نىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان قىلغىلى بولىدۇ.

**5. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش يەنىلا زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ؟**

بەزىلەر، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە قىممەت قانۇنىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش بىلەن قارىمۇقارشى، زامانىۋى كارخانىلاردا دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى يەنە تەكىتلەشنىڭ ئورنى يوق، دەپ ھېسابلىدى، بەزىلەر بولسا، زاۋۇت باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىكەن، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى تەكىتلەۋەرمەسلىك كېرەك، دەپ قارىدى. بەزى كارخانىلاردا مەمۇرىي ئۈنۈمنى تەكىتلەشنى باھانە قىلىپ، زاۋۇت باشلىقى ۋە دىرېكتورلارنىڭ شەخسىي ھوقۇقىنى ھەددىدىن زىيادە كېڭەيتىۋېتىدىغان، كوللېكتىپ تەدبىر بەلگىلەش ۋە دېموكراتىيە ئاساسىدا تەدبىر بەلگىلەشكە سەل قارايدىغان ھەتتا ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان خاھىشلارمۇ كېلىپ چىقتى.

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدىمۇ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ تەشكىلىي تۈزۈمى بولغان دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى، ئاساسىي روھى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈرلۈك تەشكىلاتلارغا باب كېلىدۇ. ئورغۇنلىغان پاكىتلارمۇ شۇنى چۈشەندۈردىكى، ئومۇمەن ياخشى باشقۇرۇلغان، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىدا ئاكتىپلىق بولغانلىكى كارخانىلاردا ياخشى بىر رەھبەرلىك بەنزىسى بار، يەنە كېلىپ بۇ رەھبەرلىك بەنزىسى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپىنى بىر قەدەر ياخشى ئىزچىللاشتۇرغان، بۇ ھالقىلىق ئامىلدۇر. شەخسنىڭ دېگىنى دېگەن، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار نازارەتتىن ئايرىلىپ قالغان ھەتتا ناتوغرا يولغا چۈشۈپ كەتكەن كارخانىلاردا كەمچىل بولغىنى دەل بىر ياخشى بەنزە ۋە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ئاساسىدىكى كۈچلۈك نازارەت ۋە كۈچلۈك چەكلەش ئەمەسمۇ؟ دەرۋەقە، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى شارائىتىدا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە يولۇقۇۋاتىمىز، مەسىلەن، بازار مۇرەككەپ، ئۆزگىرىشچان بولغاچقا، دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش جەھەتتە بىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى؛ مەنپەئەت كۆپ خىللاشقان بولغاچقا، مەنپەئەت جەھەتتىكى ھەر خىل زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ ۋە كېلىشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامىنى ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدىكى بىرلىكنى قوغداش جەھەتتە بىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى؛ بازار ئىگىلىكىنىڭ قائىدىگە سىڭىپ، تەرتىپلىك راۋاجلىنىش ئارقىسىدا، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمگە

ئائىت كونكرېت تۈزۈم قۇرۇلۇشى جەھەتتە بىزگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويۇلدى. مۇشۇنداق يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر بىزنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش سەۋىيىمىزنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئۇنى باھانە قىلىپ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى سۇسلاشتۇرساق بولمايدۇ.

**6. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدا، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش يەنىلا زۆرۈرمۇ، زۆرۈر ئەمەسمۇ؟**

بەزىلەر، زامانىۋى كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇشتا، ئاساسلىقى قانۇنىي ئىگە ۋەكىلىگە، ئىگىلىك باشقۇرۇش ساھەسىدىكى تەدبىر بەلگىلىگۈچىلەرگە تايىنىش كېرەك، زامانىۋى كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىشچىلار سىنىپى ئەمەس، دېگەن قاراشتا بولدى. بەزىلەر «پايچىكلار كارخانىنىڭ خوجايىنى»، «كارخانىدىكى ئىشچىلار شۇ كارخانىنىڭ خوجايىنى ئەمەس»، «كارخانا بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بىر بولسا پايچىك بىلەن پاي قوشۇش ئوبيېكتىنىڭ مۇناسىۋىتى بولىدۇ، بىر بولسا ياللىغۇچى بىلەن ياللانغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتى بولىدۇ، ياكى بولمىسا ھەر ئىككىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى بەرپا قىلغان ئەھۋالدىمۇ جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇنى پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شۇنداقلا دۆلەت كارخانىلىرىمىزنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. بىرىنچى، ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سىنىپىي ئاساس، شۇنداقلا پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى داۋامىدا جان-دىل بىلەن تايىنىدىغان كۈچتۇر. ئىككىنچى، ئىشچىلار سىنىپى دۆلىتىمىزدىكى رەھبىرىي سىنىپ، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى، شۇنداقلا زامانىۋى كارخانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى. دۆلەت كارخانىلىرىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر كارخانىنىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى جەھەتتە مەيلى قانداق ئۆزگىرىش بولسۇن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خوجايىنلىق ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ. ئۈچىنچى، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش ئىشىغا قاتناشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش — بۇ ھەم سوتسىيالىستىك كارخانا بىلەن كاپىتالىستىك كارخانىنىڭ تۈپ پەرقلىرىنىڭ بىرى، ھەم ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنلىق ئورنىنى نامايان قىلىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ تۈپ يولى. ئىشچىلار ئاممىسى-

نىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئىپادىسى، ئۇ — سوتسىيالىستىك كارخانا باشقۇرۇشـنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى.

تەرجىمەت قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版) 国外代号: M5－V 刊号: ISSN1006－5857 / CN11－2498/D

邮发代号:2－373 定价:1.80元 邮政编码 100013

9 771006 585006 05>